ئاننا مارىيە جارنى



# مەن ئاق تەنلىككە ياتلىق بولدۇم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

封面设计：艾克拜尔·沙力



ISBN 7-228-06676-6
9 787228 066766 >

7-228-06676-6
I·2450(民文)定价:5.00元

مارىيە جارنى

# مەن ئاق تەنلىككە ياتلىق بولدۇم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

我嫁了一个白人/(意)嘉乐尼著;孟涓汉译;哈斯也提古丽·卡斯木维译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8
ISBN7—228—06676—6
Ⅰ.我… Ⅱ.①嘉…②孟…③哈… Ⅲ.短篇小说—作品集—意大利—现代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I546.45
中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第059278号

责任编辑:艾尼瓦尔·哈斯木
责任校对:阿斯娅·阿合买提

# 我嫁了一个白人(维吾尔文)

哈斯也提古丽·卡斯木 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆工商印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 2.625印张
2001年10月第1版 2001年10月第1次印刷
印数:1——3060

ISBN7—228—06676—6/I·2450 定价:5.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەنۋەر قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# مەن ئاق تەنلىككە ياتلىق بولدۇم

تەرجىمە قىلغۇچى : خاسىيەتگۈل قاسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ سودا ـ سانائەت باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1092×787 م م32 / 1 باسما تاۋىقى :2.625
2001 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3060 — 1
ISBN7—228—06676—6/I • 2450
باھاسى : 5.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇقەددىمە

بىز ئافرىقىلىق ئاياللارنىڭ ھەممىمىزنىڭلا چىرايلىق ئىسمىمىز ، ھەر بىر ئىسمىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە مەنىسى بار . ئۇ بىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەنئەنىمىزدىن كېلىپ چىققان .

يۇرتۇمدا بەزى ئاياللار مابوسو ( MABOSO ) دەپ چاقىرىلىدۇ ، مەنىسى « چوڭ قىز » دېگەنلىك بولىدۇ ، بەزىلەر ( KPALIWANA ) « تېپىۋېلىنغان ئايال » دېگەن مەنىدە ، يەنە بەزىلەر ( DENAMBILI ) « كۆمۈش گۈل » دېگەن مەنىلەردە چاقىرىلىدۇ .

دىن تارقاتقۇچىلار تەرىپىدىن مۇبارەكلەنگەن باللارنىڭ ئىسمىغا خرىستىئان دىنىدىكى ئىسملار قوشۇلىدۇ . مەسىلەن ، تېلىسا ، ئاننا ، لۇئىس دېگەندەك .

كۆپ قىسىم ياش قىزلارنىڭ يەنە مارىي دەپمۇ ئىسمى بولىدۇ . بىرەر ئاق تەنلىك بىلەن بىرگە بولۇۋاتقان قىزلارنى ھەمەيلەن شۇنداق چاقىرىشىدۇ ، ئاق تەنلىكلەر بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسملىرىمىزنى ياخشى ئاتىيالمىغاچقا ، ئۇلار ئۇچۇن بۇنداق چاقىرىش ئاۋارىچىلىكتىن ساقلانغانلىق ھېسابلىنىدۇ . بۇنچە كۆپ مارىينى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن كىشىلەر بىز بىلەن يۈرگەن ياكى بىرگە تۇرۇۋاتقان ئاق تەنلىكنىڭ فامىلە ياكى ئىسمىنى ئىسمىمىزنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتايدۇ .

ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام ، مېنى باشقىلار مارىي دې سىچوۋ دەپ ئاتىشىدۇ .

# يازغۇچىدىن

بۇ بىر مارىيىنىڭ ھېكايىسى . مەن ئىلگىرى ئافرىقىدىكى بىر قانچە دۆلەتتە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون بەش يىل تۇرغانىدىم . بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان مارىيىلارنى ئۇچراتقان ۋە كۆزەتكەنىدىم . ئۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى .

بىر ئافرىقىلىق ئايال بىلەن بىر ئاق تەنلىك ئەر نېمە ئۈچۈن بىرگە بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ قانداق سەرگۈزەشتىلىرى بار ؟

مەن كۆپلىگەن قىز دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىكى بۇ دوستۇمغا ئەينەن گۇۋاھلىق بېرىشنى سىناپ باقماقچى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم باشقا ھېكايە دىتاللىرىنىمۇ قىستۇردۇم . مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈمنى پەقەت ۋە پەقەت ئوتتۇرىدىكى بىتەرەپ ئادەم دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قېلىشىمدىن مۇستەسنا تۇتتۇم .

ئۇسلۇبىنىڭ تاللىنىشى مۇناسىپ پرىنسىپنى تاللاشقا مۇناسىۋەتلىك . مەن ئەڭ ئاۋۋال مارىي دې سىچوۋ ئۇسلۇبىدىكى ئىتالىيە تىلىنىڭ سۆزلۈكى بىلەن جۈملە تۈزۈلۈشى ۋە ھېكايىنى بايان قىلىشتىكى بايانى ئاھاڭىدىن پايدىلاندىم . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى كەيپىيات بىلەن ھېكايىدىكى پۇراقنىڭ زىچ باغلىنىشلىقلىقىنى ھېس قىلدىم . شۇنداقلا مۇشۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تراگېدىيىسىگە ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ ھەم چىنلىقلىقىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ ، دەپ قارىدىم .

ئاننا مارىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


يازغۇچىدىن ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب . بالىلىقىم ، تۇنجى مۇھەببىتىم ،
كۆڭلۈمدىكى كىشى ................................ 1
ئىككىنچى باب . ئىتالىيىلىك بولغۇسى يولدىشىم ...... 14
ئۈچىنچى باب . مارىي دې ئانتونىئو ................. 31
تۆتىنچى باب . ئاق تەنلىكلەر ......................... 43
بەشىنچى باب . ئالدامچىلىق ھەم ئاسىيلىق ........... 53
ئالتىنچى باب . ئاق تەنلىكلەر دۆلىتى ................ 63
خاتىمە ........................................ 75

## بىرىنچى باب

### باللىقىم، تۇنجى مۇھەببىتىم، كۆڭلۈمدىكى كىشى

ئەسكە ئالالايدىغان ئىشلىرىم كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن باشلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ياخشى ئەسلىمە دېيىشكە بولمايدۇ.

مەن زاھىردا، جامناغا ناھايىتى يېقىن بىر كەنتتە تۇغۇلغان. دادام پروتېستانت دىنىنىڭ باستىرى ئىدى، ئاپام مەن تۆت ياش چېغىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. بەختسىزلىك يېتىپ كەلگەن ئاشۇ كۈندىكى ئاپامنىڭ قىياپىتىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيمەن.

ئۇ ئاپام سىڭلىمنى يەڭگەن چېغى ئىدى.

مەن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا دادامنىڭ تىزىدا ئولتۇراتتىم ھەممەيلەن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇنجى يىغىسىنى ئاڭلاشنى كۈتۈۋاتاتتۇق. بىر نەچچەيلەن بىلەن بىللە ئانامغا تۇغۇت ئانىسى بولغان ھامام تۇيۇقسىزلا ئاللا - تووۋا كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئانامدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ. قالايمىقانچىلىقتا چوڭلار مېنىمۇ ئېلىپ كىردى، ئۇلار مېنى جىن چىراغنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاچامنىڭ تامدىن تۆشۈك ئېچىپ شۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە، قولىدا بولسا بىر پارچە قان بولۇپ كەتكەن لاتا بار ئىدى.

دادام ئاخىر بىر ماشىنا تاپتى. بەك كەچ بولۇپ كەتكەچ دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا ئاپام ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى.

شۇ چاغدا بىز توققۇز بالا بولۇپ، سەككىزىمىز قىز، بىرى

ئوغۇل ئىدى ، شۇڭا بىزگە ئۆگەي ئانا بولمىسا بولمايتتى .

بىر دىن تارقاتقۇچى دادامغا يىڭى ئايال تېپىپ بەردى . ئۇ جوڭ ئاچامنىڭ مەكتەپدىشى ئىدى . ئۇ ئون يەتتە ياش بولۇپ ، دىلى زەھەر ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز بىشىمچى ئىدى . ئۇ بىز ئاچا – سىڭىللارنى ۋە ئاكامنى قوبۇل قىلالمىدى . ئۇ بىزگە چوڭلار قىلىدىغان ھەر خىل ئىشلارنى قىلدۇراتتى . بىزنى دائىم ئۇراتتى ، ناھايىتى ئاز تاماق بىرەتتى .

ئۇ دادامغا يەنە سەككىز بالا تۇغۇپ بەردى ، كۆڭلىدە پەقەت ئۆز بالىلىرىنىلا ئويلايتتى .

ئۇ ھەممىدىن ماڭا بەكرەك ئۆچمەنلىك قىلاتتى ، چۈنكى مەن ھاكاۋۇرراق ئىدىم . مەكتەپكە كىرگىنىمدىن تارتىپلا مەكتەپكە بىرىشنى ياخشى كۆرەتتىم ، شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشنى رەت قىلاتتىم ، بۇ ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۆگەي ئانام ئۆيدىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ مىنى ئۆزى بىلەن بىللە چاتقاللىققا بىرىپ ئوتۇن تىرىشكە مەجبۇرلىدى . بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارغاندا ئۇ مىنى دەرەخكە چىقىپ مىۋە ئۈزۈشكە بۇيرۇدى . مەن ئۇنىڭغا « دادام بىز كىچىك بالىلارنى دەرەخكە چىقماڭلار دەيتتى » دەپ جاۋاب بىرىشىمگە ئۇ مىنى تىللاشقا باشلىدى ، كېيىن مىنى قىيناشقا ئۆتتى ، ئۇ ماڭا مىۋىلەرنى بىر – بىردىن يەسكە تاشلاتقۇزدى . چۈشۈۋالاي دىسەم ، ئۇ ئۇنىمىدى . مەن يىغلىۋەتتىم ، ياش كۆزلىرىمنى خىرەلەشتۈردى . ئاخىرىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم .

بىر ئازدىن كېيىن قۇرۇپ قالغان بىر دەرەخ شېخىنىڭ يېرىلغانلىقى ئېسىمدە . شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم .

ئويغانغىنىمدا بەردە پۈتۈن بەدىنىم قان ھالەتتە يېتىپتىم

مەن . ياغاچنىڭ بىر بۆلىكى ئوشۇقۇمدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، بېشىم يېرىلىپ كېتىپتۇ . يېرىندا ۋە تىكەنلەر بەدىنىمنىڭ ساق يېرىنى قويماپتۇ .

چەكسىز تىمتاسلىقتا چېكەتكىلەرلا مېنىڭ ناللىرىمگە جاۋاب قايتۇراتتى .

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئاۋازىمنى ئاڭلىدى بولغاي ، ئۇلار مېنى كۆرۈش بىلەنلا قورقۇپ كېتىشتى . ئۇلار مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا تىرىشتى ، پۇتۇمنى تېشىپ ئۆتكەن ئۇچلۇق ياغاچ يەرگە تىرىلىپ قالغانىدى . ئايال مېنى قاتتىق تۇتۇپ تۇردى ، يولدىشى شاخنى كۈچەپ تارتىپ مېنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدى ، لېكىن بۇنداق قىلسا مەندىن ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە قان چىقاتتى .

ھېلىقى ئايال ئۆزىنىڭ بەل ئورىغان رەختىنى يىرتىپ مېنى ئورىدى . ئاندىن ئۇنىڭ ئېرى بىر ۋېلسىپىت تېپىپ كەلدى . ئۇ مېنى ۋېلسىپىتنىڭ رولى ئۇستىگە قويۇپ بارلىق كۈچى بىلەن ۋېلسىپىتنى تەپتى . ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ :

— غەيرەتلىك بولۇڭ ، سىز چوقۇم ئامان قالىسىز ، دادىڭىز باستىر ، خۇدا سىزگە رەھمەت قىلىدۇ ، — دېدى .

تەڭرىم راستتىنلا شۇنداق قىلدى . دوختۇرخانىغا بارغاندا مەن تېخى ھايات ئىدىم . شۇ قېتىم دوختۇرخانىدا ئون ئىككى كۈن ياتتىم .

دوختۇرخانىدىن چىققىنىمدا چوڭ ئاچام مېنى ئالغىلى كەلدى . مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر يىل تۇردۇم . چۈنكى ، ئۆگەي ئانامنى يەنە كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلىسىملا مېنى قورقۇنچ باساتتى .

كېيىن مەن ئۆيگە قايتتىم . ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى سەل پەسكويغا چۈشكەندەك قىلاتتى . چۈنكى ، دادام ئۇ-

نىڭغا خېلى قاتتىق كايىغانىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ سۆزىگە ياخشىراق جاۋاب قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن كۆزۈمگە قىزىلمۇچنى راسا سۈركىدى، كۆزلىرىمدىن توختىماي ياش ئاقتى. مەن نەۋرە ئاكام بىلەن دائىم چىمىلىقتا «ئۇچرىشىپ» تۇراتتىم، ئۇ چاغدا مەن تېخى ئۇن ياشقا توشمىغانىدىم. كېيىن ئۆگەي ئانام بۇ «ئۇچرىشىش»نى بىلىپ قالدى.

دۇدا ئىسىملىك نەۋرە ئاكام مەكتەپتە مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئۇ ھېسابلاش دەرسىدە قىينىلاتتى، شۇڭا چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتقاندا، قوي باققاچ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەم قىلاتتىم. بىز ھەمىشە خۇشال ئوينايتتۇق. بىر قېتىم تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ، سوئاللارغا جاۋاب يېزىپ بولغاندىن كېيىن مۇرىمىزنى ـ مۇرىمىزگە تىرىگىنىمىزچە چۆپلۈكتە، بىر تۈپ بائوباب دەرىخى[①] ئاستىدا دەم ئالغاچ ئېلىپ ئولتۇردۇق. كېيىن كېلىن چۈشۈرۈش ئويۇنىنى ئوينىدۇق. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بولغاچ كۆكسۇمۇ كۆتۈرۈلمىگەنىدى. ئۇنىڭ قولى كۆكسۈمگە شۇنداق تېگىشىگىلا قاتتىق بولۇپ قالدى. بەدىنىمنىڭ قەيېرىدىندۇر بىر خىل ئۇيۇشقاندەك تۇيغۇ كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدىمنى بىر خىل خۇشاللىق چۇلغىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەركۈنى ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولىدىغان، مەن «كىچىك ئوقۇتقۇچى» بولىدىغان پۇرسەتنى ھەم ئۇنىڭ ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان سىيلاشلىرىنى

---

① بائوباب دەرىخى: ئافرىقىدىكى بىر خىل ناھايىتى قېرى دەرەخ بولۇپ، غولى ئىنتايىن توم. ئەڭ توم يېرى ئون مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇرۇقىدىن يېمەكلىك ماي چىقىرىشقا، پوستىنى توم ئارغامچا ئورنىدا ئىشلىتىشكە، غولىنى ئۇرۇلۇشتا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

كۆتىدىغان بولدۇم .

ئۆگەي ئانام بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزنى بايقاپ قاپتۇ . مەنمۇ ئۇنىڭ قانداق بىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقالمىدىم . ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەل ـ جامائەت ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلىدىغانغا پۇرسەت كەلگەنىدى .

جازالانغانلىقىمنىڭ تەپسىلاتى ئېنىق ئېسىمدە : دادام مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىپ ، قول ـ پۇتلىرىمنى خۇددى قوينى باغلىغاندەك باغلىدى ـ دە ، ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى گامىلىيە دەرىخىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدىكى شېخىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن بىر تال بامبۇك بىلەن مېنى ساۋاب ، ماڭا بىر ياخشى قىز بالا بولۇشۇم لازىملىقىنى ئۇقتۇردى . خورلۇق تۇيغۇسى بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىدىنمۇ بەك ئازابلىق بىلىنگىنى ھېلىمۇ يادىمدا ، شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە دۇدانىڭ كۆزىگە قارىيالماي يۈردۈم .

دادامنىڭ بۇ تەربىيىسى قەلبىمگە ئورناپ قالدى ھەمدە مېنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىز قىلىپ قويدى .

مېنىڭ چىراي ـ تۇرقۇممۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە ئىدى . كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مېنى چىرايلىق ، كەلگۈسىدە چوقۇم ئاق تەنلىككە ياتلىق بولىدۇ ، دېيىشەتتى .

قىزلارنىڭ ئىچىدە مەن ھەممىدىن ئېگىز ، ھەممىدىن زىلۋا ، مەپتۇن قىلارلىق ئىدىم ، ئۆگىنىشىممۇ ھەممىدىن ياخشى ئىدى .ئون بەش ياش چېغىمدا مەن ستىۋېننى ـــ بىر دىن تارقاتقۇچىنىڭ ئوغلىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى .

ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ مېنى ياقتۇراتتى ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە بىرىشقا تەكلىپ قىلاتتى . ئۇنىڭ ئاپىسى ماڭا چىرايلىق

كىيىملەرنى تىكىپ بېرەتتى . ئۆگىنىشىمگىمۇ ياردەملىشەتتى . ئەينى چاغدا مەن بىر سودا مەكتىپىدە ئوقۇيتتىم . نەتىجەممۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى .

ئۇ چاغدا مەن ئون يەتتە ياش ، ستىۋېن ئون سەككىز ياشتا ئىدى . ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ كىشۈۋغا بېرىپ ئوقۇشىنى قارار قىلدى ، ئۇ يەردە تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە باراتتى .

ئۇ ماگار چېغىدا مەن بەكمۇ ئازابلاندىم . ئۇنىڭ مېڭىشىغا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى بىز بىللە سەيلە قىلدۇق . دېمىقچىلىقتا يۈرىكىم پىچاقتا كەسكەندەك تۇيۇلاتتى .

خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىز بىر تۈپ بائوباب دەرىخى ئاستىدا توختىدۇق . ستىۋېن قېشىمدا ئولتۇردى . ئۇ شۇنچە يىراق جايغا بارسا مېنى بىر قانچە ئاي كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئازابلىنىدىغانلىقىنى تەكرار ئېيتتى .

كۆزلىرىم ياشقا تولدى ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم . ئۇ مەندىن ئۆزىنى مېنى سۆيگەندەك سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىمنى ، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توي قىلىشقا پۈتۈشۈشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى . مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم ، بىز تۇنجى قېتىم سۆيۈشتۇق . بۇ شۇنداق شېرىن تۇيغۇ ئىدى ، بىز توي قىلغاندىن كېيىنلا دائىم شۇنداق سۆيۈشۈپ تۇرالايتتۇق . ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتىپتۇ . ئۇلار مەن ئۇچۇن بىر كەچكى ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى ھەمدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى ئۆزلىرى بىلەن ئامېرىكىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى . دادام بۇنىڭدىن پەخىرلەندى . لېكىن ، مەن ئۇچۇن بىر يىللىق جۇدالىق كۈتۈش باشلانغانىدى .

بىر يىل كۈتتۈش ھەقىقەتەنمۇ ئوڭايغا چۈشمىدى . مەن تەڭتۇشلىرىم ئىچىدىكى نۇرغۇن ياشلار ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتى ، لېكىن مەن پەرۋامۇ قىلمىدىم . كىچىك چېغىمدىلا بىر ئاق تەنلىككە تېگىشىم پېشانەمگە پۈتۈلگەندەك ھېس قىلاتتىم ، ھەتتا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ مېنى تېرىسى قارا تەنلىك بولغان بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بار ، دېيىشەتتى .

يەڭگەمنىڭ ئاكىسى سېگوۋ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاپ ، كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى . ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقىنىمدا ياكى ئېگىلىپ تاماق ئېتىۋاتقان چاغلىرىمدا ، قولىنى پۇتۇمغا قويۇپ ، يوتامغىچە سىيلايدىغان بولۇۋالدى ، دائىم ئۇ شۇنداق قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئاچ كۆزلۈك ھەم قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى .

ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئەينى يىللاردىكى نەۋرە ئاكامنىڭ قىلىقىغا ئوخشايتتى ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىلىقى بۇ نەۋرە ئاكام ئەينى چاغدا ماڭا ئاتا قىلغان خۇشاللىقنى ئاتا قىلالمايتتى . بۇ ئىشتىن مەن خىجىللىق ھېس قىلدىم ھەم غەزەپلەندىم .

بۇ ئەرنىڭ مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىسام ئىنتايىن قورقۇنچ ھېس قىلاتتىم . شۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئايالى بولۇپ قالاتتىم ، ئۆزۈمنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتقىنى ماڭا ناھايىتىمۇ ئېنىق ئىدى . ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ يېشى مېنىڭدىن چوڭ ئىدى ، ئەگەر ئۇ مېنى ئەمرىگە ئالسا مەن ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ئىتائەت قىلىشىم ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كىچىك خوتۇن بولۇشىم كېرەك ئىدى . ئۇنىڭغا نەچچە بالا تۇغۇپ بېرىشىم ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ياشىشىم لازىم ئىدى . بۇنداق تەقدىرنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىم

كۆڭلۈكگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىڭگۈنىڭ بۇ قىلىقىنى دادامغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى، ئۆگەي ئانامدىن قورقاتتىم.

ئەڭ ياخشى ئامال ستىۋېننىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش ئىدى. گويا كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ چۈش كۆرەتتىم.

ئاخىر ئەتىلىمۇ يېتىپ كەلدى. ستىۋېن ماشىنىدىن چۈشۈشىگىلا ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر غەلىتىلىكنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان بىر خىل قابىلىيىتىم بار ئىدى ھەم دائىم كېيىنكى ئىشلاردىن بېشارەت بېرىدىغان چۈشلەرنى كۆرەتتىم، كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار ھەممىشە بۇرۇن كۆرگەن چۈشلىرىمگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ چىقاتتى.

ئىككىمىز ئاخىر يالغۇز قالدۇق. شۇ چاغدىلا ستىۋېن ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ دائىملا ستىۋېننىڭ ياتىقىغا كىرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ستىۋېن ئۆزىنى تۇتالماي ئۇ قىز بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇ قىزنىڭ بويىدا قاپتۇ. ستىۋېن ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ستىۋېن ئۇ قىزنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق قىلسا تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىغا ئادالەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن ستىۋېنغا ئۇ قىزنى كەچۈرىدىغانلىقىمنى، ستىۋېننىڭ مېنى ئۇنتۇپ كېتىشى لازىملىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىم.

مەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن. بىزنىڭ ئۇ يەردە ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى دائىم بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپ بىر ئاق تەن-

لىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆشكۈرتىدىغانلىقى ، ھەتتا ئىككى قات بولۇشنى ۋاستە قىلىپ تەھدىت سالىدىغانلىقى ماڭا ئايدىڭ . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلار ئۇچۇن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر خىل ئامالى ھېسابلىناتتى .

مەن مانا شۇنداق قىلىپ ، دەسلەپكى بولغۇسى يولدىشىمدىن ئايرىلدىم . ئــەمــەلىيەتتە مەن چوقۇندۇرۇلغاندا قويۇلغان ئىسمىم « SE » ئانا تىلىمدا « ئۇ نېمە ئۇچۇن مېنى سۆيمەيدۇ ؟ » دېگەندىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ بولغانىدى .

مــېنىڭ ئىككىنچى بولغۇسى يولدىشىمۇ ئامېرىكىلىق . ئۇنىڭ ئىسمى داۋىي ، ئۇ بەستلىك كەلگەن ، چاچلىرى ئالتۇندەك سېرىق ، كۆزلىرى كۆپكۆك ئىدى . ئۇ ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا ، مەن بولسام ئون سەككىز ياشتا ئىدىم . بىز تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا بىر ــ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق . ئۇ يازلىق تــەتىل مەزگىلى ئىدى . ئۇ چاغدا مەن كاراۋادا ، ئاچامنىڭكىدە تــۇراتتىم . يېزىنەم ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىم كېرەك ئىدى . چۈنكى ئوقۇش پۇلۇمنى ئۇ بېرەتتى .

داۋىي مېنى قوغلىشىشنى باشلىغاندىلا ئۇ سېزىپ قالدى يــېزىنەمنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . ئۇنىڭ باشقىچە كۆزدە قارايدىغانلىقىنى ، كۆزلىرىدىن ئاچ كۆزلۈك چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغانىدىم . ئۇنىڭ كۆزى ماڭا سىگوۋنى ئەسلىتەتتى ھەمدە مەندە قورقۇنچ پەيدا قىلاتتى . ئۇ بەزىدە مېنى سىرتقا كۆپ چىقسەن ، دەپ ئەيىبلەيتتى ، بەزىدە ماڭا ئەتەي قــىلمىغاندەك قىلىپ سۈركىلەتتى . بۇ مېنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى .

ئۇ داۋىينىڭ ماڭا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن باردى ــ كەلدى قىلىشىمغا يول قويمىدى . مەن ئۇنىڭ تە-

لىپىگە قوشۇلمىدىم. بىر كۈنى كەچ داۋىي مېنى ئۆيىگە يېرىپ بىر نەرسە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، مەن ئۆيىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ چىقتىم.

بۇ ئىشنى كىمنىڭ دەپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن، بەلكىم يېزنەم ماڭا كۆز ـ قولاق بولۇشنى دەرۋازىۋەنگە بۇرۇنلا جېكىلەپ قويغان بولسا كېرەك.

داۋىي بىلەن تېخى سۆيۈشە ـ سۆيۈشمەيلا، بىرىنىڭ غوۋغا كۆتۈرگىنى ئاڭلىنىپ، ئىشىك قوپال ئېچىلدى. ئۆيگە يېزنەم بۆسۈپ كىرگەنىدى، يېنىدا ئىككى دوستى تۇراتتى. ئۇلار داۋىينى بېسىۋېلىپ قاتتىق ئۇردى، مەن بىر چەتتە تۇرۇپ يىغلاپ قاخشاشتىن باشقا ھېچنېمە قىلالمىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ دوستۇم كىنشاسادىن ئەڭ بالدۇر ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتتى.

كېيىن يەنە بىر ئاق تەنلىك مېنى قوغلىشىپ باقتى. ئەمما، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىگە بارغان ساياھىتىمدە تونۇشقانىدىم. مەن، ئاچام يەنە نەۋرە سىڭلىم بىلەن بانكى سودا سارىيىغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى باردۇق. خوجايىن پورتۇگالىيىلىك بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئەللىك نەچچە ياشلاردا باردەك كۆرۈنەتتى. باشقىلار ئۇنى ماردان ئەپەندى دەپ چاقىرىشىدىكەن.

ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئاچامغا: «مەن بۇ قىزنى ئالىمەن» دېدى. لېكىن، بۇ مەن ئۈچۈن زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. مەندە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ماگىزىندىن قېچىپ چىقىپ كېتىش ئويى پەيدا بولدى.

بۇ تاقىر باش ئەرنىڭ قولىنى بەدىنىمگە تەگكۈزىدىغانلىقىنى ئويلىساملا كۆڭلۈم ئېلىشاتتى.

نەۋرە سىڭلىم بۇ ئىشنى ياخشى سودا دەپ بىلدى. نەۋرە سىڭلىمنى ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولسا مىتال تۇتقۇچلۇق قەغەز چامادان بىلەن گوللاندىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان، پۈتۈن ئافرىقىدا ئەڭ چىرايلىق ھېسابلىنىدىغان بەل ئورايدىغان رەخت بولسىلا كۇپايە ئىدى.

ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن پورتۇگالىيىلىك شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك چامادانىنى سوۋغا قىلدى، بۇلار تۆت يۈز ئەللىك زاھىر پۇلىغا يارايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى پارچە رەخت، يەنە چىرايلىق بىر يىپەك كۆڭلەكمۇ بار ئىدى. ئەمما، مەن بۇلارنى ئالغىلى ئۇنىمىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلمىشاتىقىنى مېنى سېتىۋېلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مەن ئاچچىقىمدا تۇرالماي قالدىم ۋە نەۋرە سىڭلىمنى ماگىزىنىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتىم. ئۇ ماڭا:

— سەن بەك دۆتكەنسەن، بۇ ئاق تەنلىكنىڭ پۇلى كۆپ تۇرسا، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭ سەن بىلەن مەن ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

— ئەگەر خالىساڭ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆزۈڭنى ئاشۇ قېرىغا ساتقىن، ئەمما مېنىڭ ئىشىمغا سەن ئارىلاشما، — دېدىم.

ئەتىسى كەچ ئۇ پورتوگالىيىلىك بىزنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئاچام بىلەن نەۋرە سىڭلىم مېنى « چوقۇم بارىسەن » دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭكىگە باردۇق، ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە بېرىش ئۈچۈن بىر مۇنچە سوۋغىلارنى تەييارلاپ قويغانىكەن: بىر يېنىك تىپتىكى موتسىكلىت، بىر مۇنچە رەخت، چىرايلىق بىر قازان. قازان ئىنتايىن چوڭ بولۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە چاي قاينىتىشقا بولاتتى.

بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. بۇنچە كۆپ سوۋغا تۇرغۇن ئاتا ــ ئانىدا ھەۋەس قوزغىيالىشى تۇرغانلا گەپ. مەن قورقۇپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئۇ ماڭا بىر ئايالدا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئارزۇ ــ ھەۋەسلەرنى، چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك ۋە مېتال چامادان سوۋغا قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنى رەت قىلغانلىقىم سەۋەبىدىن ئۇ ھەممىنى نەۋرە سىڭلىمغا بېرىپ، ئۆگەي ئانامغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ يەنە دادامغا بىر كۆڭلەك، شۇنداقلا بىر قانچە جۈپ ئاياغ، يەنە نېمىلىكى ئېسىمدە قالمىغان بىر مۇنچە سوۋغىلارنى تەييارلىغانىدى. بىز يېنىك تېپىتىكى موتسىكلىتتىن باشقا نەرسىلەرنى بىر كىچىك تېپىتىكى يۈك ماشىنىسىغا باستۇق، چۈنكى، موتسىكلىتنى قويىدىغانغا جاي قالمىغانىدى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆگەي ئانام بىلەن بىر مىنىستىرغا ياتلىق بولغان ئاچام بارلىق ئامالالارنى قىلىپ، مېنى بۇ پورتۇگالىيىلىككە ماقۇل دېيىشكە قايىل قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئۇنى ئاجايىپ مېھرىبان ئەر، دېيىشتى.

بۇ ئىشتا مەن دادامغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ مېنى بانكىدىكى شۇ ئەرگە ياتلىق قىلىۋەتمىدى.

دادام ئېنىق قىلىپ:

ــ ئۇنى بىردەم يالغۇز قويۇڭلار، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قارار قىلسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ بۇ كىشىگە ياتلىق بولغۇسى بولمىسا، بۇ ئۇنى خالىمىغان بولىدۇ، بىز ئۇنى مەجبۇرلىماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئادەمنىڭ پورتۇگالىيىدە ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بار ئىكەن، ئۇ ھامان بىر كۈن پورتۇگالىيىگە قايتىپ كېتىدۇ، ــ دېدى.

لېكىن، باشقىلار ئۇلاپلا:

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى . سىز پەقەت ئۇنىڭ ھەممە ما-
گىزىنلىرىنى ۋە ماللىرىنى قىزىمىزنىڭ نامىغا يازدۇرالىسىڭىزلا بو-
لىدۇغۇ ، — دېيىشتى .

مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ماڭا شېرىن سۆزلەرنى قىلاتتى ھەمدە ئىسمىمنى يۈك ماشىنىسىغا ، شۇنداقلا ماگىزىن ۋې-ۋىسكىسىغا ئاللىقاچان يېزىلىپ بولدى ، دېيىشتى .

ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى . مەن بانكىغا قايتا بارمى-دىم ، ماردىن ئەپەندىمنىمۇ قايتا كۆرمىدىم .

# ئىككىنچى باب

## ئىتالىيىلىك بولغۇسى يولدىشىم

شۇ ئارىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم . ئائىلەمدىكىلەر مېنى گوبادورىتقا ئەۋەتتى .

گوبادورىت زاھىر زۇگتۇگى تۇغۇلغان جاي . زۇگتۇگنىڭ بۇ يەرنى يېڭى پايتەخت قىلغۇسى بار ئىدى . شۇڭا ، زۇگتۇك ئۇ يەردە بىر ئايرودروم ، بىر چېركاۋ ، خان ئوردىسىدەك ھەشەمەتلىك قىلىپ بىر ساراي سالدۇرۇپ ، كىشىلەر دەم ئېلىش كۆنلىرىدە ئۇ يەرگە بېرىپ ئويناشقا قۇلايلىق ياراتقانىدى .

زۇگتۇك بىر فرانسىيىلىك غوجىدارنى ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىدارە قىلىشقا ياللىغانىدى . غوجىدار سالاپەتلىك بولۇپ ، فرانسۇز تىلىنى غەلىتە تەلەپپۇز قىلىدىغان كىشى ئىدى . باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ ئەرلەرنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەن ، ئۇنىڭ قارا تەنلىك بىر بويتاق ئەر ھەمراھى بارمىش . يەنە زۇگتۇك ئۇنىڭ گوبادورىتتىكى سارىيىغا كەچلىك تاماققا كەلگەندە ئالتۇن قاچا ـ قۇچا ئىشلەتكەنمىش .

زۇگتۇگنىڭ ئۆز يېزىسىغا بەك مېھرى بار ئىدى . كەنتتە ئۇنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرى ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆيگىنى ـ مۇباگگنىڭ ئايال پۇقراسى ، گۆش دۇكىنى خوجايىنىنىڭ قىزىمۇ شۇ يەردە ئىدى .

ئۇ ھەم ئېگىز ، ھەم بەستلىك كەلگەن شالغۇت ئايال ئىدى . ئۇنىڭ ئون بالىسى بولۇپ ، قايسىسىنىڭ يولدىشىنىڭ ،

قايىسسىنىڭ زوڭتوڭىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلـ
مەيتتى . لېكىن ، ئۇ باللارنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە پولدار بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولاتتى . كىشىلەر بۇ شال-
غۇت ئايالنىڭ سۆيگىنىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرەلە-
شىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ھېچكىم قىلالمايدىغان دەرەخ يوپۇر-
مىقىدا كاۋاپ قىلىدىغان « لىبوك » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل
بېلىق پىشۇرالىشىدا ، دېيىشەتتى .

ئۇنىڭ ئاكىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە زوڭتوڭ ئۇنى ئىتالىيە-
لىك ئارخىتېكتور لايىھىلىگەن چوڭ بىر چېركاۋنىڭ ئىچىگە دەپنە
قىلدى . ئۇنىڭ ئاكىسى روسىيىدە قازا قىلغانىدى . ئاڭلىشىمچە ،
ئۇنىڭ روسىيىگە بېرىشى بىر خىل ئالاھىدە داۋالاشنى قوبۇل قى-
لىش ، يەنى تېرىنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىكەن . لېكىن ، دوختۇرلار
ئۇرۇلىدىغان ئوكۇل مىقدارىنى خاتا قىلىپ قويۇپتۇ . ئۇنىڭ جە-
سىتىنى ئايروپىلان بىلەن يۆتكەپ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇ يامغۇردىن
كېيىنكى مايسا رەڭگە ئۆزگىرىپ قالغانىدى . بىز ئۇنى ناھايىتىمۇ
ئېنىق كۆردۇق . چۈنكى ، دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى زوڭتوڭ
بىزنى مېيىتنى ساقلاشقا قويغانىدى .

ئۇ كۈنى مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن ،
ئۇ يەردە خرۇستال مېيىت ساندۇقى ئىچىدىكى بۇ يېشىل ئۆلۈكنى
ساقلىدى .

گوبادورىتتا خېلى كۆپ ئاق تەنلىك بار ئىدى . كۆپ
قىسمى ياۋروپالىق — بېلگىيىلىك ، فرانسىيىلىك ، پورتۇگالىيە-
لىك ، ئىتالىيىلىك تېخنىكلار ئىدى . يەنە بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جۇڭگولۇقلارمۇ بار ئىدى .

ئوتتۇرا مەكتەپنى كۆرۈنەرلىك نەتىجە بىلەن تاماملىدىم .
دادام مېنى بىر ئامال قىلىپ ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىپ ، ئالىي مەك-

نەپتە ئوقۇتماقچى بولدى . ئوقۇش مېنى ھاردۇرغانىدى ، تېنىممۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى ، دوختۇر ماڭا سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندە ئاندىن ئوقۇشنى ئويلىنىش تەكلىپىنى بەردى . شۇڭا ، ئۆيدىكىلەر مېنى گوبادورىتدىكى چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى .

بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل چاغ بولۇپ قالدى . چوڭ ئاپام ئادەمگە سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى . يولدىشى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى . بالىلىرى بولسا زاھىرنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدا ئىدى . ئائىلىدە ئېغىر ئىشمۇ يوق بولغاچ تۇنجى قېتىم ئەركىن ھاۋادىن نەپەسلەندىم .

ئۇ يىلى مەن ئون سەككىز ياشتا بولۇپ ، تازا تولغانىدىم . ئۆزۈمنىڭ باشقىلارنى جەلپ قىلالايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم . ھەمەيلەن مېنى جەزمەن ئاق تەنلىككە ياتلىق بولىدۇ ، دېيىشەتتى .

نۇرغۇن قىزلار گوبادورىتقا مەخسۇس ئاق تەنلىك ھەمراھ تاپقىلى كېلەتتى . ئۇلار ھەر كۈنى بىر نەچچە سائەت سەرپ قىلىپ ياسىناتتى ، ئاندىن بىردىنبىر ئاسفالت يولدا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى ، يول چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتەتتى . ئۇلار ئىككى ئۈچتىن بولۇپ ، يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى ھەم كۈلۈشەتتى ، بەللىرىنى قەستەنگە تولغىشاتتى ، كۆپ ئۆتمەيلا كارىدۇردا ئىشتىھا ئاچىدىغان ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى . ئىشقىۋازلىق مانا شۇنداق باشلىناتتى .

مەن ئۆزۈمنى باشقىلاردىن پەرقلىق ھېس قىلاتتىم . مەن ھەرقانداق ئاق تەنلىك بولسا ئىزدەۋەرمەيتتىم . مەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ، مېنى نىكاھىغا ئېلىشنى خالايدىغان ئەر تېپىشنى ئويلايتتىم . ئاخىر مەن بىر پورتۇگالىيىلىك تېخنىك بىلەن

ئۇچرىشىپ قالدىم .
دۇدىنو كېلىشكەن يىگىت ئىدى . ئۇ كەچتە مارىي دې لوكىنىڭ ئۆيىگە مېنى ئىزدەپ بېرىپتۇ . مارىي دې لوك مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم ئىدى . بىز يۇرتداش ئىدۇق .
ئۇ پىۋا ئىچكىلى ئىككى قېتىم كەلدى . قاتىلىنىڭكىدەك كـۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلەتتى . ئاندىن زاھىرلىق مىلىڭ كاكانى مەن بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا ئەۋەتتى ، ئۇ دۇدىنو بىلەن بىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيتتى . ئۇ دودىنونىڭ مېنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، ماڭا ئېرىشكۈسى بارلىقىنى دېدى . مەن ئۇنىڭغا « ئويلىشىپ باقاي » دەپ جاۋاب بەردىم . نەتىجىدە مەن ئۇدا تۆت كۈن ئويلاندىم .
گوبادورىتدىكى ھەممەيلەن دودىنونىڭ پورتۇگالىيىدە توي قىلغانلىقىنى بىلىشىدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ ئايالى بالىياتقۇ راكىغا گىرىپتار بولغاچقا بالا تۇغۇپ بېرەلمەپتۇ . شۇڭا ، ئۇ ئايالى بىلەن ئاجرىشىشنى قارار قىپتۇ . ئۇ قارا تەنلىك قىزدىن بالىلىق بولۇشنى ئويلايدىكەن . مېنىڭچە ، بۇ كىشىنى ئازابلايدىغان ھېكايە ئىدى . ئۇ ئايال گەرچە ئىنتايىن يىراق جايدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىچىندىم .
تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، دادام مېنى خرىستىئان دىنى تەربىيىسىدە چوڭ قىلغاچقىمۇ ھەمىشە ئۆزۈمدىن تولاراق باشـقىلارنى ئويلايتتىم . ئۇ كۈنى كەچ لوك ناھايىتى يىراق يەردىن يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن مارىينى بىردەم بولسىمۇ يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن كىچىك ئاۋتافۇنى ئېلىپ كارىدوردا ئولتۇراتتىم . ياندا بىرەيلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى . قارا چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشى تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەنىدى . دودىنو ماڭا يېقىنلىشىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، كېلەچەكتە بىز بىللە بولىدىغان تۇرمۇشنى ئاللىقاچان تەسەۋۋۇر قى

لىپ يەتكەنلىكىنى ئېيتتى . ئاۋتافۇ يىغلاشقا باشلىۋىدى ، ئۇنى
ئانىسىغا ئەكىرىپ بەردىم . پورتۇگالىيىلىك مېنى ئۇزىنىڭ ئۆيىگە
ئاپارماقچى بولدى .
دەل شۇ پەيتتە سىچوۋ كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ گوبادوردى-
تىدىكى ئايرودروم قۇرۇلۇشى ئورنىغا كەلگىنىگە بىر نەچچە ئاي
بولغانىدى . بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى چوڭ دادام بۇرۇن ئىشلى-
گەن بانكا مېنى بوغالتىرلىققا قوبۇل قىلغانىدى ، مەن بانكىدا ئۇنى
كۆرگەنىدىم . ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى سىپايە ئىدى ھەم باش-
قىلاردەك ماڭا سۈركىلىپ يۈرمەيتتى . شۇ چاغدا مەن ئۇنى ئەتە-
مالىم خىجىلچان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ . دەپ ئويلىغانىدىم .
لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇ مەن ۋە دۇدىنونىڭ قېشىدا كەتكۈسى يوقتەك
ئولتۇراتتى .
تېخنىك تولىمۇ خاپا ئىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ :
— سى بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتىم . سىز
بىزنى بىردەم يالغۇز قالدۇرالماسسىزمۇ ؟ — دېدى . سىچوۋنىڭ :
— راستىنى ئېيتقاندا ، مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار
ئىدى ، — دېگىنى مېنى ھەيران قالدۇردى .
— بۇگۈن كەچ دېمىسىڭىز بولمامدۇ ؟
— شۇنداق ، بۇگۈن كەچ دېمىسەم بولمايدۇ .
مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم . ئىككىسىنىڭ
قىلىقىدىن بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولۇپ قالدىم ھەمدە ئۇلار-
نىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىدىم . ئۇلار بىر مۇنچە تەنە
قىلىشقاندىن كېيىن دۇدىنو ئاچچىقلانغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ
چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى . ئىككىيلەن قاراڭغۇلۇقتا قالدۇق .
سىچوۋ « سىزگە كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر نەرسە بار »
دەپ مېنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى . ئۇنى تۈزۈك-

رەك تـونۇمىغاچقا ئەنسىرىدىم ، ئۇنىڭ ئىشىكنى يېپىپلا ماڭا ئېتى‑
لىشىدىن قورققانتىم . ئەمەلىيەت دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقتى . ئۇ
لامپىنى يېقىپ ، كىچىك بىر ساندۇقتىن ئۆزىنىڭ پاسپورتىنى ئې‑
لىپ كۆرسەتتى . ئۇستىدە « بويتاق » دەپ يېزىقلىق تۇراتتى .

شۇنىڭ بىلەن بىز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق . ئۇنىڭ ئاۋازى
سىلىق ھەم مۇلايىم ئىدى . مېنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ھېسسىياتىم
ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە . ئۇ ماڭا بىر ئىستاكان بەدىيان ھارىقى
تەڭشەپ بەردى . ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغاچقا بۇ ھاراق ماڭا
شـۇنداق كۈچلۈك تەسىر قىلدىكى ، بىر خىل ئىسسىق ئېقىم مې‑
ڭـەمگىلا چىقتى ، تىزلىرىمممۇ تىترەشكە باشلىدى . بۇ جىددىي‑
لەشكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ ، بىلەلمىدىم . سىچوۋ ماڭا قىرىق بەش
ياشقا كىرگۈچە كۆڭۈلدىكىدەك قىزنى ئۇچرىتالمىغانلىقىنى
ئېيتتى . ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ساياھەت قىلىپ ، نۇرغۇن قىزلارنى
ئۇچرىتىپمۇ بىرەر قىزغىمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالماپتۇ . بۇ يەرگە
كەلگەندىن كېيىن مېنى بىر قانچە قېتىم ئۇچرىتىپتۇ ، ئۇنى
ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بوپتۇكى ، مەن بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسە
تولىمۇ بەختلىك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ . ئۇ ماڭا ئىتالىيىدە
ياشاشنىڭ تولىمۇ چەكلىكلىكىنى ، مەن ئارقىلىق ئافرىقىنى بىل‑
مەكچى ، ئۇنى چۈشەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

ئۇ مېنى « چىرايلىق ، شۇنداقلا تولىمۇ كەسكىن ئىكەن‑
سىز » دېدى . ئۇ مېنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى ،
ئۇلارنىڭ گوبادورىتقا كېلىشتىكى مەقسىتى ئاق تەنلىك ھەمراھ
تېپىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن . مەن ئۇنىڭغا دادام ، با‑
لىلىقىم ۋە ئىلگىرىكى بىر نەچچە قېتىملىق مۇھەببىتىم توغرىسىدا
سۆزلەپ بەردىم ، مەن ھەممىنى ئېيتتىم . ھەر ئىككىلىمىز كۆڭلى‑
مىزدىكىنى دېيىشكەندەك بولدۇق .

سىچوۋ ماڭا دودىنونىڭ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، مەندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىۋاتقانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتتى .

ئاشۇ ئاخشىمى ئۆمرۈمدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالدى . دەل شۇ كۈنى تەقدىرىم بەلگىلەندى .

بىر ئازدىن كېيىن سىچوۋ مېنى سىيلاشقا ۋە سۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ مېنى كارىۋاتقا ئېلىپ چىقتى . لېكىن ، مەن تولىمۇ خىجىل بولدۇم . چۈنكى ، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن بەل ئورايدىغان رەخت بىلەنلا ئورۇنۇۋالغان ، تېخى ئىچ كىيىم كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدىم . ئۇ مېنى ئاغرىتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ھەممە مېنىڭ قىز ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئۇنىڭغا مىللىتىمىزدە ئاياللارنىڭ ئىپپىتى بەك مۇھىم دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ، توي كۈنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى ، تويى بولغۇچىلار مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋېرىدىغانلىقىنى ، ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاق كىرلىك ئۈستىدىكى قان دېغىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم . سىچوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىلگىرى ئىتالىيىدىمۇ شۇنداق قائىدىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى « ئىپپەت » توغرىسىدا قانچە قېتىم ئازابلانغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم . چىرايلىق بولغانلىقىم ، مۇرەككەپ چاچ پاسونلىرىنى قىلىۋالىدىغانلىقىم ، ھەر خىل رەڭدىكى چىرايلىق بەل ئورايدىغان رەختلىرىمنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم ۋالاقتەككۈرلەر مېنى ئاق تەنلىكلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىدۇ ، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن پۇل ئوندۇرىدۇ ، دېيىشەتتى .

دەسلەپ ئون يەتتە يېشىمدا ، ئاندىن ئون سەككىز يېشىمدا ئۆگەي ئانام مېنىڭ قىز ياكى ئەمەسلىكىمنى بىلىش ئۈچۈن ئىككى



www.uyghurkitap.com

قېتىم مەجبۇرىي تەكشۈرۈشكە ئېلىپ باردى . بىرىنچى قېتىم مېنى تەكشۈرگىنى بىر قېرى تۇغۇت ئانىسى ئىدى ، مەن ناھايىتى خىجىل بولدۇم . ئىككىنچى قېتىم ئۇ مېنى بىر ئامېرىكىلىق ئەر دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى . ئۇنىڭ شىپاخانىسىدا تەكشۈرۈلگەندە نومۇس ھېس قىلدىم ، بىر قىز سېستىرا بىلەن ئۆگەي ئانام شۇ مەيداندا بار ئىدى . مەن ئىككى پۇتۇمنى كەردىم ، ھېلىقى ئەر پەلەي كىيىۋالغان بارمىقىنى ئىچىگە كىرگۈزدى ، ئاندىن « دەل مۇشۇ يەر ، ئۇ قىزكەن » دەپ جاكارلىدى . مەن قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن تىترەپ تۇراتتىم ، چۈنكى ئۇنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم .

مىللىتىمىزدە ئەگەر بىر قىز تويدىن بۇرۇن ئېيپىتىنى يوقاتسا كىشىلەر ئۇنى ئېچىنىشلىق جازالايدۇ ، پۈتۈن بەدىنىنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىدۇ ، ھەتتا بەدىنىگە ئوت ياقىدۇ . چۈنكى ، خۇراپىي قاراشتا ئائىلىدە ئەڭ ئاخىرىدا قازا قىلغان كىشى دەل شۇ قىز سەۋەبىدىن قازا بولغان بولىدۇ دەپ قارىلاتتى . ئەلۋەتتە دىنىي خۇراپىيلىق ۋە ئەنئەنىدىن شۇنداق قارىشاتتى .

بىزگە يېقىن تۇرىدىغان بونگو ، بونگو ئاگتى ياكى ئېنگوبولار قاتارلىق قەبىلىلەر بالىغا ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا جىنسىيەت توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ . بىر قىز بالا بەش - ئالتە ياشقا كىرگەندە كەنتتىكى چوڭ ياشلىق ئايالدىن بىرى ئېچىلمىغان بانان دەرىخىنىڭ قۇرۇق شېخىدىن بىر تالنى قىزنىڭ جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈپ ئۇنى ئاچىدۇ ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلىدۇ ، ئاۋۋال بىر بارمىقىنى كىرگۈزىدۇ ، كېيىنكى قېتىمدا ئىككى بارمىقىنى كىرگۈزىدۇ . قىز ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئوغۇللار بىلەن ، بەزىدە ئەمدىلا خەتنە قىلىنغان ئوغۇل بالا بىلەن مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزگىلى سالىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا قانداق قىلغاندا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ مەنى كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كىچىك چاغلىرىدىلا مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ ، بالىلىق بولالايدىغان چېغىدىلا توي قىلىدۇ . بەزىدە قىزنى ئەر بولغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تاللايدۇ . ئۇلار ئالدى بىلەن پۇل بەرسە ئاندىن قىزغا ئېرىشەلەيدۇ . پۇل بېرىلگەندىن كېيىن قىزنىڭ بوينىغا بىر تال ئاچقۇچ ئېسىلىپ ، كىشىلەرگە قىزنىڭ مەلۇم بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ .

سىچوۋ سۆزۈمنى ئاڭلىغاچ كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا مېنى سىيلايتتى . ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ « بۈگۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ ئاچقۇچۇمنى ئېسىشىڭىز كېرەك » دېدى .

مەن ئۇنىڭ بۇنداق سىيلاشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن ، بىز شۇنداق قىلىپ ئىشنى باشلىدۇق . مەن بىر ئازمۇ قورقمىدىم . مەن ئۇنى تۇنجى ئوغۇل دوستۇم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم .

ئەمما ، بىردەمدىن كېيىن سىچوۋ ھەرىكەتتىن توختاپ ماڭا : « مەن سىزنى سۈرەتكە تارتىشنى ئويلاۋاتىمەن ، ھازىر ئۆيىڭىزگە قايتىڭ ، چوڭ ئاپىڭىز ئەنسىرەپ قالىدۇ ، كېيىملىرىڭىزنى كىيىۋېلىڭ ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي » دېدى .

مەڭزىم قىزىپ ، تىلىم قۇرۇپ ، كاللام ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى . سىرت خېلى قاراڭغۇ ، تاغ كەينىدىكى ئۇپۇق يورۇۋاتقاندەك ئىدى . چېكەتكىلەر چىرىلداشتىن توختىغانىدى ، يول بويىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازى ئاندا - ساندا ئاڭلىناتتى . ئۇ يۈرەك شەكلىدىكى كەڭ يوپۇرماق

بولۇپ ، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن چىقارغان ئاۋازى كىشىدە غە-
لىتە تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى .

بىردەمدىن كېيىن بىر ــ بىرىگە يۆلەنگەن ئىككى سايىنى كۆردۈم . لېكىن ، سىچوۋغا ھېچ نەرسە دېمىدىم . چۈنكى ، مەن بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتماقچىدىم . فىرانشىسكا مېنىڭ بىردىنبىر ئاق تەنلىك دوستۇم ، ئۇ ماگا ماك بىلەن بولغان يوشۇرۇن ئاشىنىدارچىلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى .

بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ھېكايىسى ئىدى : ئىككىلىسى توي قىلىپ بولغانىدى ، شۇڭا ئوغرىلىقچە كۆرۈشەتتى . بىر كۈنى ئۇ ماگا دۇمبىسىدىكى ئىزنى كۆرسىتىپ ئىككىسى ئايرودرومنىڭ ئۇچۇش يولىدا مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە قېپقالغان ئىزلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇ ماگا ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان مۇھەببىتىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە مەن كىنو كۆرگەندەك جىددىيلەشتىم . بەزىدە ئىككىمىز ئازابلىنىپ ياش تۆكتۇق .

ئۇ ئاخشىمى سىچوۋ مېنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ئاي-
رىلدى . ئۆز ـ ئۆزۈمدىن بىر ــ بىرىمىزنى مەڭگۈگە مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ ئۆتەلەرمىزمۇ ؟ دەپ سورىدىم .

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى . بىر ھازا ياسانغاندىن كېيىن مىسسا ( كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل مۇراسىمى ) قىلغىلى باردىم . راستىمنى ئېيتسام ، مىسسا قىلغاندا دىققىتىمنى پەقەت مەركەزلەشتۈرەلمىدىم . قىزلار خور ئەترىتى چېركاۋ ناخشىسى ئېيتقان ۋاقتىدىمۇ ئوخشاشلا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرەلمىدىم . مەن خۇددى مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىۋاتقاندەك ، ئەمما ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم .

چېركاۋدىن چىققان چاغدا ئۇنىڭ بىر بولكىۋاينىڭ ئىچىدە مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئاپتوموبىلنىڭ ماتورى تېخى

ئۆچۈرۈلمىگەنىدى . ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم ، باشقىلارنىڭ قانداق قارىشى ، قانداق مۇلاھىزە قىلىشى بىلەنمۇ كارىم بولمىدى .

بىز كاۋارا تاشيولىغا چىقتۇق . بەزىدە توختاپ سۈرەتكە چۈشتۇق . ئۇ مېنى بىر تۈپ كوكا ياغاچ دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ دىئافراگمىنى تەڭشەۋاتاتتى ، ئۆزۈمنى كالام پايلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم . شۇڭا ، ئۇنىڭغا بۇ ياغاچلارنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتىم . چۈنكى ، بۇ دەرەخلەر يۈك ماشىنىسى شوپۇرلىرىنى يول ماڭغاندا سەگەكلەشتۈرۈپ تۇراتتى .

ئۇ مېنىڭ چاچ پوسونىمنى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى . ئۇ ماڭا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى .

مەن ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم ، ئۇنىڭ ماڭا ئاپپارات ئارقىلىق قاراپ تۇرۇشىنىلا ئەمەس ، مېنى سىيلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم .

شۇ چاغدا بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئەسلىدەك لوك ئىسكىلاتقا ئاشلىق توشۇۋاتقانىكەن . لوك ماشىنىنى جىددىي تورمۇزلىدى ـ دە ، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ سىچۇۋغا چاقچاق قىلغىلى تۇردى :

ــ ئۇنىڭغا تولا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋەرمە . ئۇ بىرۇسسېلدىكى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدۇ ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بولغۇسى پروفېسسور يولدىشى ئۇنى ساقلاۋاتىدۇ .

بۇ يوق ئىش ئىدى . مەن شۇ زامان سىچۇۋغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم . ئۇنىڭ يەكۈنى شۇ بولدىكى ، لوك ۋە ئۇنىڭ ئايالى ماڭا بەك ھەسەت قىلىدىكەن ، شۇنداقلا بىر ئاق تەنلىكنىڭ مېنى نىكاھىغا ئېلىشىنى ھەمدە ئىتالىيىگە ئېلىپ كېتىشىنى خالىمايدىكەن . بۇ يەكشەنبە چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى . كەچتە بىز

دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق . مەن بىر ئىستاكان فىندا ، ئۇ بىر ئىستاكان پىۋا ئىچىشتۇق . شۇ تاپ ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر خىل بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئۇرغۇيتتى . كۆز ئالدىمدىكى ئەر ماگا ئېيتىلىپ كەلگىنى يوق ، بەلكى ماگا يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئاق تەنلىك قىزلاردەك مۇئامىلىدە بولدى .باشقا ئاخشاملىرىمۇ شۇنداق ئۆتتى . ئۇنىڭ غۇۋا سىماسى قاراڭغۇلۇقتا بارا ـ بارا ئايدىڭلاشماقتا ئىدى . بىز تاڭ ئاتقۇچە بىللە بولدۇق . يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىقتىن كېلىۋاتقان هايۋانلارنىڭ ئاۋازىدىن باشقا هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى .

ۋەهالەنكى ، بەزى ۋاقىتلاردا سىچوۋنىڭ ماگا قىزىقىدىغان ـ قىزىقمايدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتىم . يەنە كېلىپ دودىنو مېنى بارغانچە تىنچ قويمايۋاتاتتى . مېنى بانكىغا ئىزدەپ كېلەتتى ھەم ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ، مېنى تانسىغا ، ئىچىملىك ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى .

مەن ئارام ئېلىش مەقسىتىدە ئاچامنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇرماقچى بولدۇم .

دەم ئېلىشىم ، ئۇبدانراق ئويلىنىپ بېقىشىم لازىم ئىدى . بارغان كۈنى چۈشتە چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىدىم . تاتى مېنى ئويغىتىپ بولغۇۋايدا كەلگەن بىر ئاق تەنلىكنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن سىرتقا يۈگۈرگىنىمچە چىقتىم . ئەسلى دودىنومىكىن دېگەنىدىم ، چۈنكى بۇ ئەتراپنى ئۇ پىششىق بىلەتتى . لېكىن ، ئالدىمدا ماگا سىچوۋ قاراپ كۈلگىنىچە ھەم نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك تۇراتتى . ئۇ ماگا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنى كەنتنى ئايلاندۇرۇپ كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئۇنى تاغاملارنىڭكىگە باشلاپ باردىم . ئۇ تاغامغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى ھەمدە خىزمىتى توغرۇلۇق

سۆزلەپ بەردى ، ئاندىن ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى . بىز ياپپېشىل دەريا بويىدا توختىدۇق . ئۇ مېنى سۆيۈشكە باشلىدى ، كېيىن كىيىممىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ ، بېشىنى كۆكسۈمگە قويدى ــ دە ، قاتتىق شورىدى .

مەن بەك ئوڭايسىزلاندىم ، چۈنكى شوپۇر تېخىچىلا ماشىنىدا ئىدى . سىچوۋغا بولسا بەرىبىر ئىدى . ئۇنىڭدىن شوپۇرنى چۈشۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈندۈم . تۈنجى ئاخشامقى شېرىن تۇيغۇلار ئەمدى يوق ئىدى . بىر بولكىۋاينىڭ ئىچىدە مۇنداق قىلىش مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇ ئىچىگە ئۈچ مىڭ زاھىر پۇل سېلىنغان كىچىك سومكىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ ، ئۇنى ئاچامغا بېرىشىمنى ، ئاندىن مېنى دەرھال ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى كۈتۈشنى ، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقنى ، بۇ ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىشىم لازىملىقىنى دېدىم . لېكىن ، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى ، پەقەت « سىزنى ئالىمەن » لا دەيتتى .

كېيىن ئۇ ھەر كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى . تاماق يېگۈسى ، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە بولۇش ئارزۇسىنىڭ شۇنچە كۈچلۈكلىكى مېنى تەسىرلەندۈردى . ئۇنى ئاستا ــ ئاستا ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم .

نەۋرە ئاچىلىرىم بۇ ئىشقا تازا قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايۋاتاتتى . ئۇلار سىچوۋنى غەلىتىكەن ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىكەن ، دېيىشتى . چوڭ ئاپام بولسا بىر ئەر بىر ئايالنى شۇنچە ئۆيلىغاندىكەن ، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى رەت قىلىۋېتەلمەيدۇ ، دېدى .

شۇنداق قىلىپ مەن دادامغا خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى ئويلىدىم .

سىچوۋ كىنشاساغا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئايرود-

روم تۈرى مەسىلىسىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغىلى بارماقچى بولدى ،
بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئون نەچچە كۈن كېتەتتى . ئۇ مېنى
بىللە ئېلىپ بارماقچى بولۇۋېدى ، مەن ماقۇل بولدۇم ، لېكىن
شۇنداق قىلىشقا دادام قوشۇلۇشى لازىم ئىدى .

بىز توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئەر ـ ئاياللاردەك خوشلاش-
تۇق . مەن دادامنىڭ جاۋاب خېتىنى دەككە ـ دۈككىدە كۈتتىم .

بۇ ئارىلىقتا مەن گوېادورىتقا قايتىپ ، بانكىدىكى ئىشىمنى
ئىشلىدىم . مەن دودىنونىڭ يالغۇزلۇقۇمنى بىلسە مېنى ئاۋارە قى-
لىشىدىن قورقاتتىم . شۇڭا ، دائىم مارىي دې لوكنىڭ ئۆيىگە
باراتتىم .

سىچوۋنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چې-
چىمنى يېڭى ، چىرايلىق ھەم مۇرەككەپ پاسوندا تارىدىم . كىشى-
لەر بۇنداق پاسوننى « قۇش ئۇۋىسى » دېيىشىدۇ . چۈنكى ، بۇ
خىل چاچ پاسونى ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچنى باشنىڭ چوققىسىغا
يىغىپ قۇشلار شاخ ـ شۇمبىدىن ئۇۋا ياسىغاندەك قىلىپ تا-
رىلاتتى .

سىچوۋنى بۇ چاچ پاسوننى ياقتۇرىدۇ ، دەپ ئويلىدىم . ئۇ
ھەر خىل نۇقتىلاردىن مېنى سۈرەتكە تارتىدۇ . ئاندىن قاراڭغۇ-
لۇقتا ئۇنىڭ نىگاتىپ يۇيۇشىنى كۆرىمەن .

ئالدىنقى قېتىمقىدەك بىر قاپ غەلىتە كىشلاتالىق سۇيۇق-
لۇقتىكى ئۆرۈمە چاچلىرىمنىڭ ، بەدىنىمنىڭ ، كۆزلىرىمنىڭ
ئەكسىگە خۇشاللىق بىلەن قارايتتىم . سىچوۋ بەدىنىمنى سىيلىغاندا
تېخىمۇ سىلىق يۇمران تۇيغۇ بېرىشى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئە-
تىگەن ـ كەچ بەدىنىمگە قايماقتىن ياسالغان ماينى سۈركەيتتىم .

بىر كۈنى كەچ مەن كەيپىدە تېلېۋىزور كۆرۈپ قايتتىم .
يولدا ھېچكىم يوق ئىدى . توساتتىن كەينىمدىن ئاياغ تىۋىشىنى

ئاڭلاپ قالدىم ، مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم ، كەينىمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم . بىر چاغدا هاراق هىدىنى پۇرىغاندەك بولدۇم ، ئارقىدىنلا قوپال بىر جۈپ قول مېنى سىيلاشقا باشلىدى . ئاندىن مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چۆپلۈككە تاشلىدى . ماڭا يېقىن تۇرغان ئاشۇ يۈزنى ، كۆزلىرىدىن قەبىھلىك چىقىپ تۇرىدىغان سېگۈۋنى تونۇدۇم . ۋارقىرىماقچى بولغانىدىم ، ئاۋازىم گېلىمغا كەپلىشىپ قالدى .

ئەسلىدە ئۇ مېنى گوبادورنىقىچە قوغلاپ كەلگەنىكەن ، ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاق تەنلىك بىلەن باردى ــ كەلدى قىلىۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ ، مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپ يۈرۈپتىكەن .

مەن ناھايىتى تەسلىكتە ئورنۇمدىن ئىنجىقلاپ تۇردۇم . ئۇ چاتقاللىققا قېچىپ كىرىپ كەتتى .

ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە چوڭ ئاپام تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن ، غۇۋا چىراغ نۇرىدا بەل ئورىغان رەختىمدىكى قان دېغىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالمىدى .

ئەڭ ئاۋۋال ئايرودرومغا سىچۇۋنى كۇتۇۋالغىلى بارماسلىقنى ئويلىدىم ، كېيىن ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك بولۇۋالسام ئۇ بەلكىم بىلمەسلىكى ، مۇمكىن دەپمۇ ئويلىدىم . ناۋادا بويۇمدا قالسا قانداق قىلارمەن ؟ ئىشقىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى .

مەن يەنىلا ئايرودرومغا بېرىشنى ، ئۇنىڭغا ھەقىقي ئەھۋالنى ئېيتىشنى قارار قىلدىم .

ھەربىي ئايروپىلاننىڭ يەرگە قونغىنىنى كۆرۈپلا تىزلىرىم تىترەشكە ، كۆڭلۈم دەممۇدەم ئېلىشىشقا باشلىدى . ئىلگىرىكىدەكلا ئايروپىلاننىڭ يوغان قورسىقىدىن بىر تۈركۈم غەلىتە نەر-

سىلەر ۋە ئادەملەر چىقىشتى . ئايالّلار سىۋەت ـ سىۋەت مانىخوت ،
كۆك پۇرچاق ، ئاناناس ، قورۇتۇلغان بىلىق كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى ،
ئانىلىرىنىڭ دۈمبىسىدىكى باللار يىغلىشىۋاتاتتى . چىرايلىرى
ئوخشىشىدىغان ھەربىيلەر بولسا قورال كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن بىر قانچە غەربلىك ، ئەڭ ئاخىرىدا سىچوۋ چىقىپ
كەلدى . ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىنى پۇلاڭلاتتى . ئەمما ،
تـۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم ئېلىشىپ يىغا تۇتتى . ئۇ بۇ ھالىمنى سې-
زىـۋالدى . ئۇ تېخى دادامنى ئىشىمىزغا قوشۇلمىغان ئوخشايدۇ ،
دەپ ئويلاپ قاپتۇ . مەن گەپ قىلالمايلا قالدىم . بىز شۇ ھامان
ئۇنىڭ كىچىككىنە ئۆيىگە كەلدۇق . ھاۋا تەگشىگۈچنىڭ كۈچلۈك
ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ مېنى قۇچاقلىشىغىلا پاككىدە يىغ-
لىۋەتتىم . ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتتىم . شۇ چاغ ئۇ بەلكىم تەقدىرىم
قوشۇلغان كىشى ئەمەستۇ ، دەپمۇ ئويلىدىم .
ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ
ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ
تـۇراتتى . قەلبىنى ئېغىر نەرسە باسقاندەك ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ
شۇ تۇرقىدىن يامان نىيەت چىقمايتتى .
ئۇ ماڭا « ساقچىغا مەلۇم قىلدىڭىزمۇ ؟ » دېدى . مەن ئۇ-
نىڭ ئافرىقىنى قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغانلىقىدىن چۆچۈپ ۋار-
قىراپ كەتتىم . ئەرز سۇنسام سىگوۋ بىلەن بولغان تويۇمنى تې-
خىمۇ ئالدىراتقان بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ، بۇ دەل سىگوۋنىڭ ئۇ-
مىدى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم . سىگوۋ ھەتتا ھەممە كىشىنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئالالايتتى . چۈنكى ، كۆپچىلىك پەقەت مۇشۇ خىل
ئۇسۇللا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ، دەپ
قارايتتى .
سىچوۋ كىيىملىرىمنى ئاستا ـ ئاستا سالدۇرۇشقا ، ياشلى-

رىمنى سۇمۇرۇشكە ، قولنىڭ كەينى بىلەن بەدىنىمنى سىيلاشقا باشلىدى .

بارا ـ بارا تىنچلانغاندەك بولدۇم . ئۇنىڭ قولى چاتىرىقىمنى سىيلايتتى . مەن تاتلىق تۇيغۇغا چۆمدۇم ، نېمىشقىدۇر سالدا ئولتۇرۇپ ، سۇنى بويلاپ پەسكە چۇشۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتىم . سۇنىڭ مېنى ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ كېتىشىگە ، قىرغاقتىكى قاتار ـ قاتار قىزىل دەرەخلەرنى ، كۆك كەتىرەكنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلىشىنى كۆرۈشكە رازى ئىدىم . مەن لاي سۇنىڭ ئاستىدا تىمساھ باردەك ، ئۇنىڭمۇ ئاستىدا جىددىي قاينام باردەك تۇيغۇدا ئىدىم . لېكىن ، بۇلار مېنى قورقۇتالمىدى ، ئەكسىچە مەندە بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بار ئىدى .

بۇ ۋاقىتتا سىچوۋ ماڭا كىچىك باللاردەك سۆزلەۋاتاتتى . ئەزەلدىن ھېچقانداق بىرى ماڭا مۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى ، چوڭلار ئەزەلدىنلا مەندىن چوڭلاردەك بولۇشنى ، ئاقىلانە بولۇشنى ، دۇرۇس بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مەن ئۆزۈمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىدىم . بۇ بەلكىم مېنىڭ بىر ئاق تەنلىككە ياتلىق بولۇپ ، بۇ خىل ئىلتىفاتنى بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك .

بىز مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۇق . بۇ مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ھەقىقى تۈردە شۇنداق ئىش قىلىش ئىدى . بىز تاماقمۇ يېمىدۇق . قايتا ـ قايتا قىلىشتۇق . ئىككىنچى قېتىمدىن كېيىن دادامنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىمنى ، ئىككىمىزنىڭ كەنتكە قايتىپ تىلەكلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتىم .

## ئۈچىنچى باب

### مارى دې ئانتونىئو

داداملار جەمئىي ئالتە ئوغۇل بولۇپ ، بىرمۇ قىز يوق ئىدى . شۇڭا ، دادام ئانىسىغا ياردەملىشىپ پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىكەن .

دادام ئانامنى نىكاھىغا ئېلىپ ، تۇنجى بالا تۇغۇلۇش ئالدىدا چوڭ ئاپام ئاپامنىڭ قورسىقىغا قاراپ : « ئوغلۇم ئائىلىمىزدە قىز بولمىغاچ كۆپ جاپا چەكتى . مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ قىز ۋە بىر ئوغۇل بولىسكەن دەيمەن ، شۇنداق بولسىلا ئەر كىشى جاپا تارتمايدۇ » دېگەنىكەن . نەتىجىدە ئىش راستتىنلا چوڭ ئاپامنىڭ ئارزۇسىدەك بوپتۇ . ئاۋۋال دۇگىيە ، ئاندىن ئىككى قىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئوغۇل — ئىدلىس تۇغۇلدى ، ئارقىدىن مەن ، مېنىڭ كەينىمدىن بىر قىز بوۋاق تۇغۇلدى . ئاخىرقى قىز تۇغۇلغاندا ئاپام ئۆلۈپ كەتتى .

بىر قاتار رەسىم - مۇراسىملار تا بۈگۈنگە قەدەر كەنتىمىزدە داۋاملاشماقتا ، گەرچە بىز بۇلارغا قايتا ئىشەنمەس بولغان بولساقمۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىن تارقاتقۇچىلار بۇنى خۇراپىيلىق دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى .

بىز چوڭ دادامنى كۆرگىلى باردۇق . ئۇ بىر كەنتنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ ، شۇ يەردىكى داڭدار تېۋىپ ئىدى . مەن ئۇنىڭ ئىككىمىزگە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تىلەك تىلىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇردۇم .

بىز ئەتىسىگەندە يولغا چىقتۇق . چوڭ دادام ئۆزىلا بىلىدىغان ، ئىس چىقىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئىككىمىزنىڭ بېشىمىزغا قويدى . توي مۇراسىمىدا كىشىلەر بۇ ئۆسۈملۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ . بۇ يېڭى توي قىلغان ئەر ئاياللارنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىپ ئۆمۈر بويى ئايرىمايدۇ .

سىچۇۋ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ . ئۇ باشقىلار سېھىرگەرلىك قىلىپ ، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى قوشۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ . مەن ئۇنىڭغا بۇ خىل سېھىرگەرلىك ھېچكىمنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم . چۈنكى ، بۇ بىر مەخپىي مۇراسىم ئىدى . مەن ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولۇشنى ئېيتتىم . ئاخىرىدا بىز قاقاھلاپ كۈلۈشتۇق .

دەسلەپتە ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى چۈشەنمىدى . ئۇ مەندىن توختىماي سوئال سورايتتى ، ئۇ بولۇپمۇ بۇ يەردىكى ئاياللار تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىكەن .

بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئۈچۈن ئاچام دۈگىيەنىڭ تۇرمۇشىنى ئېلىپ ئېيتساقلا كۇپايە . ئۇ يېزنەمنىڭ چوڭ ئايالى ، ئاچام ئۇنىڭغا بەش بالا تۇغۇپ بەردى ، لېكىن يېزنەمنىڭ يەنە بىر قانچە ئايالى ۋە باللىرى بولدى . يېزنەم ئۇلارنى ئاچامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەچكە ئاچام ئۇلارنى باشقۇرۇشقا توغرا كەلدى ، ھەرقېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمىدەك بالىنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ، ئاچامنىڭ ھەممىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرەتتۇق . ئۇنىڭ يولدىشى پۇلدار كىشى بولۇپ ، سەككىز قەھۋازارلىقى ، ئۈچ يۈك توشۇش ماشىنىسى ۋە بەش ماگىزىنى ، ھەممە ئاياللىرىغا ۋە باللىرىغا بەرگۈدەك يېتەرلىك پۇلى بار ئىدى . ئاچام

قىرىق نەچچە بالىنى باقتى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىپمۇ ئۆلگۈردى .

يېزىنەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە ئاچامنىڭ ئابرۇيى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى . باشقا ئاياللىرى ئاچامغا ياردەملىشەتتى . ئۇنداق قىلمىسا ئىش كۆپىيىپ كېتەتتى . كۆپچىلىككە ئېتىدىغان بىر كۈنلۈك تاماق ۋە يۇيىدىغان كىرلا ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتەتتى . دۇگىيە بىلەن يېزىنەمنىڭ باشقا ئاياللىرى ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتى . ئۇلار دائىم ئاچامدىن ھال سوراپ كېلەتتى ھەم بالىلىرىنى يوقلاپ تۇراتتى ، ھەتتا مۇشكۈلاتقا يولۇققان چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى ، ئىشقىلىپ ئۇلار ئاچامنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى .

بۇنداق ياشاش ئۇلارغا تۆرەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ مۇقەددەس ئىش ھېسابلانغاچقا ، ئۇلار مانا شۇنداق تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن . بۇ كۈنداشلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە . ئەگەر بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالسىڭىز ئۇنداقتا سىز چوقۇم كۈنلەيسىز ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئايالى بولۇشنى ئويلايسىز ، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىللە بولسا ئازابلىنىسىز .

چوڭ خوتۇن باشقىلىرىغا قارىغاندا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . لېكىن ، بۇ جەھەتتە ئەرلەر چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ .

يېزىنەمنى ئېلىپ ئېيتسام ، ئۇ بىر مەزگىل بىر شالغۇت ئايال بىلەن بىللە بولدى ، ئۇ ئايال يېزىنەمگە بارلىق ئاياللىرىنى ، ھەتتا ئاچامنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن يېزىنەم بىلەن ئاچامنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى قالايمىقانلاشتى . ئىلگىرى يېزىنەم ئالدى بىلەن ئاچامغا سوۋغات بېرىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى . لېكىن ، زىبۇ زىننەت سېتىۋالغۇدەك بولسا ، پەقەت ئاشۇ شالغۇت ئايالغىلا بېرەتتى . ئۇ ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىش يولىدا

www.uyghurkitap.com

ۋاسىتە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان ئايال ئىدى.
بىز ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىچىك نەرسىلەرنى بىلىمىزگە
ئېسىۋالىمىز. مەسىلەن، مۇئەتتەر ئۇپا دېگەندەك. بۇلار بەدىنىنىڭ
تۆۋەنكى قىسمىنى خۇش پۇراق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نەرسە-
لەرنى «كىشىنى مەپتۇن ئەيلىمەك»، «ئارزۇ»، «كەتمەك قە-
دىرلىكىم» دەپ ئاتايمىز. بۇ نەرسىلەر ئايالار بەدىنىنى ھەر-
كەتلەندۇرگەندە بىر خىل خۇش پۇراق تارقىتىدۇ. بۇ ئەرلەرگە
نىسبەتەن ھەقىقەتەن جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.
كۆپلىگەن ئەرلەر بۇ خىل قايمۇقتۇرۇشقا بەرداشلىق بې-
رەلمەيدۇ. ئائىلىمىزدىكى چوڭلار ماڭا «ئۇ ياخشى نەرسە ئە-
مەس» دەيتتى. ياخشى ئايالار ۋە چوقۇندۇرۇلغان ئايالار بۇنداق
نەرسىنى ئىشلەتسە بولمايتتى.
ئومۇمەن بىز ئافرىقىلىق ئايالار ئەرلەر ئۇچۈن يەتكۈچە
جاپا تارتىمىز، چوڭلار كىچىكىمىزدىنلا مانا شۇ خىل ئىدىيىنى
بىزگە سىڭدۈرگەن، بىزمۇ ھەم قوبۇل قىلغان.
كۆپ ھاللاردا يېزا تۇرمۇشى، جاپالىق ئەمگەك سەۋەپلىك
يولدىشىڭىز ئۆيگە بىر ئايالنى باشلاپ كىرسە سىزدە بىر خىل
خۇشاللىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال سىزدىن
ياش. دېمەك، سىز ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسىڭىز
بولىدۇ. ئۇ سىزگە ياردەملىشىپ ئىشلەيدۇ، بالىغا قارايدۇ. بالا
ئېمىتىۋاتقان چېغىڭىزدا ئەرلەر باشقا بىر ئايال بىلەن جىنسىي مۇ-
ناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ.
ھازىر يىرگىنىشلىك ئەيدىز كېسىلى بار، شۇڭا سىرتتا ئا-
ياللار بىلەن قانچىكى ئاز ئوينىسا شۇنچە ياخشى. ساقچى ئىدارى-
مىزنىڭ باشلىقى سىرتتا ئوينىغانلىقتىن ئاقىۋەت ھەممە ئايالى ئەي-
دىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملاندى، ھەتتا ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق-

تىمۇ بۇ خىل كېسەللىك بايقالدى . ئۇ كىنشاسادىكى يىم ئانا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇلدى .
ئادەت كۆرگىنىمىزدە ياكى ئانىمىزنىڭكىگە كەتكىنىمىزدىمۇ باشقا ئاياللارنىڭ لازىمى بولىدۇ .
ھەممە ھوقۇق ئەرلەردە بولغاچقا بىز چوقۇم ساداقەتمەن بولۇشىمىز زۆرۈر . ئەگەر بىر ئايال سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ھەم ئاسىيلىق قىلمىشى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىۋېلىنسا ، ئۇ چاغدا قوللىنىلىدىغان جازا قورقۇنچلۇق بولىدۇ ، ئاسىي ئايال ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلىشىمۇ مۇمكىن ، ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندىمۇ ئۇنى تاشلىۋېتىشى ياكى ئۆز يېزىسىغا قوغلىۋېتىشى مۇقەررەر ئىدى .
ئەگەر بىر ئايال بالىلىق بولالمىسا ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش بولىدۇ . بىزنىڭ ئۇ يەردە بالىلىق بولۇش ــ بولالماسلىق بەك مۇھىم ئىش . ئەگەر بىر ئەرنىڭ بالىسى بولمىسا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئابرۇيى بولمايدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ . ھەتتا كۆپلىگەن ئاياللار يەتتە ــ سەككىز بالىلىق بولغاندىن كېيىن يەنە بالىلىق بولۇشنى خالىمىسىمۇ ھامىلدارلىقتىن ساقلانمايدۇ . ھامىلدار بولۇپ قالسا ئالدۇرۇۋېتىدۇ .
ئاچامنىڭ بىر دوستىنى بىلىمەن . ئۇ ئون بالا تۇغقان ، لېكىن يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇزلۇكسىز مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئۇدا ھامىلدار قىلىۋەرگەن ، ئاخىرىدا ئۇ قارشىلىق بىلدۈرۈپ رەت قىلغان ، ئۇنىڭ يولدىشى شىرنىڭ ساقىلى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . شىرنىڭ ساقىلى ناھايىتى يىرىك ، يىرىكلىكتە ئەينەككە ئوخشايدۇ . ئەگەر ئۇنى ئۇششاق پارچىلاپ يېمەكلىكنىڭ ئىچىگە سېلىۋەتسە ، ئۇنى يېگەن كىشى نەچچە كۈندىن كېيىن ئاشقازان قاناش بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ ، باشقىلار قاتىلنى تېپىپ

ئەيىبلەشكە ئامالسىز قالىدۇ . بۇ ئىشنى ئاچامنىڭ ئۇ دوستى ئۆز ئاغزى بىلەن ئاچامغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن ، ئاچام ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى .

ياشىقا چوڭ دوختۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق ھامىلىدارلىق-تىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى بار ئىدى . بەزىلەر مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى جىنسىي يولغا ئاززاق ھەسەل سۈركەپ قو-يۇلسا ھامىلىدارلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ ، دېيىشەتتى . بەزىلەر ئابدىمىلىك ئۇرۇقى يېسە بولىدۇ ، دەيتتى . شۇغىنىسى ئابدىمى-لىكتىن قانچىلىك يېسە ھامىلىدارلىقتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلى-قىنى بىلمەيتتى . كەنتىمىزدىكى بىر ئايال دەل ئابدىمىلىك ئۇرۇ-قىنى كۆپ يەۋەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى .

بىز ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمەن مۇشەققەتلىك ئىدى .

دەل شۇ سەۋەب تۈپەيلى ئارىمىزدىكى كۆپلىگەن قىزلار ئاق تەنلىككە ياتلىق بولۇپ ، ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى ئويلايت-تى .

مېنىڭ ئاندوگنايىت ئىسىملىك ئاكۇشىر دوستۇم بولىدى-غان ، ئۇ ئون توققۇز يېشىدا بىلگىيىلىك ئەللىك بەش ياشلىق ئا-لېس ئۇ دوستۇمنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . ئالېس ئۇ چاغدا كىن-شاسادا قاۋاقخانا ئاچاتتى . ئاندوگنايىت شۇ يەردىكى بىر دوختۇر-خانىدا خىزمەت قىلاتتى .

ئالېس ئەپەندى خېلى كۆپ ئاياللار بىلەن بېرىش - كې-لىش قىلغانىكەن ، لېكىن ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كې-تىشنى خالىماپتۇ . چۈنكى ، ئالېس ئورۇق ھەمدە كۆرۈمسىز بو-لۇپ ، كۆرۈنۈشتە ئوخشاش ياشتىكىلەردىن خېلىلا چوڭدەك كۆ-رىنەتتى .

ئۇ ئاندوگنايىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدا ئاندوگنايىت

قوشۇلماپتۇ ، ئاندوگنايىت ئەگەردە ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشلۇق بولسام ھەممەيلەن مېنى مەسخىرە قىلىدۇ دەپ ئويلاپتۇ .

دوستىمىز دېناىبىرىنىڭ يولدىشى ئابرۇيلۇق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا ھەممەيلەن ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلايتتى . ئۇ ئاندوگنايىتقا ئالىس گەرچە قېرى ھەم كۆرۈمسىز بولسىمۇ يەنىلا ئاق تەنلىك . ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغاننىڭ پايدىسى بار ، دەپتۇ . ئاخىر ، يەنىلا پۇل ئاندوگنايىتنى ئېرىتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ ھېلىقى ئاق تەنلىك بىلەن بىللە تۇردى .

ئالىس بىر ئوغۇللۇق بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ، لېكىن ئۇلار باللىق بولالمىدى . ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر يەرلىك ئايال دوختۇرغا بىللە بېرىپ كۆرۈنۈشنى قارار قىلدى . ئۇ دوختۇر روكودا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ ، تۇغماسلىق كېسىلىنى داۋالىيالايدىكەن . ئايال دوختۇر ئۇ ئەرگە خاسىيىتىنى ئۆزىلا بىلىدىغان بىر خىل دورىنى بېرىپتۇ ، ئالىس ئۇ دورىنى يېگەندىن كېيىن ساقىيىپتۇ . ھازىر ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بار .

ئالىس ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى . چۈنكى شۇ چاغقىچە بىرەر ئايال ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان ، شۇڭا ئۇنىڭ بالىسى بولۇپ باقمىغانىكەن .

ئۇ ئاندوگنايىتقا بېلگىيىدە بىر يۈرۈش ، جامىنادا بىر يۈرۈش ، كاراۋادا بىر يۈرۈش ، يەنە تېخى ئاندوگنايىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇشلۇق كەنتتىمۇ بىر يۈرۈش ئۆي سېلىپ بەردى . ئۇ دوستۇمغا بانكىدىن ھېساب ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ئۇنىڭ ھەيدىشىگە بەردى . دوستۇم كۆڭلىرىنىڭ بۇنچە قانائەتلىنەرلىك ئۆتىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئويلىمىغانىدى . شۇڭا ، يولدىشىنىڭ بۇرگىنىڭكىدەك سەت چىرايى ۋە مايماق ئاغزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . ئالىس ئايالىنى تولىمۇ كۆنلەيتتى . ئۇنىڭ ئۇكام بىلەن كۆرۈشۇ-

www.uyghurkitap.com

شىگە يول قويمايتتى . ئۇكام قاملاشقان بولۇپ ، ئىلگىرى ئاندوگ-
نايتىنىڭ بولغۇسى يولدىشى ئىدى .

ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن نەپكە ئېرىشەلىسىڭىزلا بىر ئاق تەنلىك بىلەن توي قىلىش ئەرزىيدۇ . ئەگەر ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسىڭىز ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بول-ماس ، نەپكە ئېرىشىدىغىنى يەنىلا سىز . مارى دې ئاندوگنايت بۇنىڭ تىپىك مىسالى .

يەنە بىر دوستۇم بولىدىغان ، ئەسلى ئىسمى دېمومو ، مە-نىسى « مېنىڭ بەختىم » ، دېمومو يولدىشىنى ئون يىل كۈتتى . ئۇ ئەر ئاق تەنلىك بولۇپ ، ئىتالىيىلىك ئىدى ، يەنى دېمومونىڭ ئوغلىنىڭ دادىسى ئىدى . ئۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ، شەھەرگە ئىشلە-گىلى بارغان نېگىر قىزلاردىن ئىدى .

ئۇ كىنشاساغا بارغاندا يىگىرمە بىر ياشلاردا بولۇپ ساۋات-سىز ئىدى . ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىچىك ئاپىسى ئەسلى ئۇنى ئۆزىگە ياردەملەشكۈزۈپ بازاردا نەرسە ـ كېرەك ساتقۇزماقچى ، ئاندىن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەرمەكچى بولدى . كېيىن كىچىك ئاپىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى . دېمومو بىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئائىلىسىدە ياللانما بولۇپ ئىشلەپ يۈردى .

ئۇ تۇرۇشلۇق كەنت بىلەن بىزنىڭ كەنت يېقىن ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىدە ماڭا دەردىنى تۆكەتتى . ئۇ تۇ-رۇۋاتقان ئائىلىنىڭ خوجايىنى كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغانلى-قىنى ، پۇۋا ئىچىشكە قانچىلىك ئامراقلىقىنى سۆزلەيتتى ، ئۇ ھەر-قانچە ھېرىپ ـ ئېچىپ خىزمەت قىلسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا بەرگۈدەك يېتەرلىك پۇل تاپالمايۋاتقانلىقىدىن زارلىناتتى .

بىر كۈنى كەچ ئۇ دوستلىرى بىلەن ئاق تەنلىكلەر تۇ-

رۇشلۇق جايغا تانسىغا بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ناچار كىيىنگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان قىزلار قېنىق گىرىم قىلىۋېلىشقانىكەن. قىزلار ئۇنىڭ ئاددىي - ساددىلىقىنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ. ئەمما، ناھايىتى تېزلا ئانتونىئو ئىسىملىك ئىنتايىن مۇلايىم بىر ئىتالىيەلىك كىشى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ئانتونىئو ئۇنى بىر ئىستاكان فىندا ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ، ئۇلار ھاراق ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپتۇ.

دوستۇم ئۇنى تىلغا ئالسىلا كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ھېلىقى ئىتالىيىلىكنىڭ بىر نەچچە ئېغىز لىنكارا① تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ئانتونىئو ئىتالىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىن ئىدى. ئۇ يەرمۇ ئافرىقىغا ئوخشاشلا ئىسسىق ئىكەن. ئۇ ئىنژېنېر بولۇپ، چەت ئەلدە نۇرغۇن يىل خىزمەت قىلغان، ئۇنىڭ ئىتالىيىدە ئائىلىسى بار ئىكەن. لېكىن، قايتىشنى خالىمايدىكەن.

ئۇ باشقا ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇ كۆلگەندە چىرايلىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەم ئېگىز، ھەم قاۋۇل، قارا كۆز بولۇپ ئافرىقىلىقلارغا ئوخشايتتى.

ئۇ دېمومونى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە، چىرايلىق ياسالغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆيدە توڭلاتقۇ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈر بار ئىكەن. ئۇ دوستۇمغا ئەگەر خالىسا، بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆيدە قىلغۇدەك ئىشمۇ يوقكەن، تاماقنى سىرتتىن يېگەچكە ئۆيدە تاماق ئەتمەيدىكەن. دوستۇم خۇددى ئۇنىڭ ئايالىدەك ئۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولىدىكەن ھەمدە يېرىدىكى ئاتا - ئانىسىغا پۇل ئەۋەتسىمۇ

① لىنكارا تىلى — زاھىردىكى نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شېۋىسى.

بولىدىكەن .

ئىشلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك شۇنداق بولدى مارى دې ئانتونىئو ئىنتايىن خۇشال ئىدى . يولدىشى ئۇنى ئۆي ئىشى ۋە جىنسىي تۇرمۇش ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاتتى . ئۇ دوستۇمغا ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلارنى ، مەكتەپتىن قاچقاندا قانداقىسىگە دەريا بويىغا بېرىپ ئوينىغانلىقىنى ، كىچىك بالىلار بىلەن كۆل بويى دەريادا ئۈزۈپ ئوينىغانلىرى ، ئۆزى ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل بولكا ، يەنە لىمون ماروژنىسى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئۇ يەنە قەدىمكى زامان ئادىمى تەيشەنىڭ كىنوسىنى سۆزلەپ بېرىپ ، بۇ كىنولارنىڭ ئۆزىنى ئافرىقىغا تەشنا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . ئۇتچىدانى دوراپ بەرگىنىدە دوستۇم تولا كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىپتۇ . ئۇمۇ دوستۇمدىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سوراپتۇ . ئۇ دوستۇمغا فرانسۇز تىلىدىكى ئاسانراق كىتابلارنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپتۇ . ئۇنىڭغا ئىتالىيە تىلىدا يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىپ تۇرىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇ گەپلەرنى تەكرارلاتقۇزىدىكەن ، ئۇنىڭغا ياخشى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدىكەن . ئاق تەنلىكلەرنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشلىرىغا ئاپىرىپ تۇرىدىكەن . دەسلەپتە ياۋروپالىق ئاياللار ئۇنىڭغا ھاكاۋۇرلارچە مۇئامىلىدە بوپتۇ ، لېكىن ئاستا ـ ئاستا ئانتونىئوغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن مۇلايىملىشىپ قاپتۇ . ئۇلار دوستۇمدىن بىمەنە سوئاللارنى سورىغاندا ئۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالىدىكەن . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىقىنى يوقاتماپتۇ . بىر ئازمۇ تەمتىرىمەپتۇ . چۈنكى ، ئانتونىئو ھەمىشە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىكەن .

ئەڭ قىزىق ئىش « مۇستەقىللىق » مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن لىئون بايرىمى ئاخشىمى بوپتۇ . چىراغ نۇرلىرى چاقنىغان چوڭ زال ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ، كۆتكۆچىلەر رەتلىك تىزىلغان ، قوللىرىدا بولسا شامپان قۇيۇلغان رومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقانىكەن . دېمومو بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپتۇ ، ھەتتا ئوڭشاپمۇ ماڭالماپتۇ . زالغا كىرىش ئېغىزىدا ئالتۇن چاچلىق ياشانغان بىر ئايال ھەر بىر مېھمانغا بىردىن ئەتىرگۈل تۇتۇۋاتقانىكەن ، دېمومونى كۆرۈپلا ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ، ئانتونىئو بۇرۇلۇپ ئۇ ئايالغا : « خانىم ، ئايالىمغا بىر تال ئەتىرگۈل بېرىشنى خالىمامسىز ؟ » دەپتۇ . ئالتۇن چاچلىق ئايال كەچۈرۈم سوراپتۇ . دېمومو ئۇ بەرگەن ئەتىرگۈلنى مەيدىسىگە تاقىنىچە خۇشال ھالدا تانسا مەيدانىغا كىرىپ كېتىپتۇ .

ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ . ئانتونىئو بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ . ئەگەر بالا ئوغۇل بولۇپ قالسا مىشېل دەپ ئىسىم قويماقچى بوپتۇ ھەم دادىسىغا ئوخشىسا دېگەننى ئويلاپتۇ .

مىشېل تۇغۇلمايلا ئانتونىئو ئائىلە مەسىلىسى تۈپەيلى خىزمىتىنىڭ ئىتالىيىگە يۆتكەلگەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ دېمومو يىغلاپتۇ ، ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بوپتۇ . ئانتونىئو ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ :

— ماري يىغلىما ، يىغلىساڭ سەتلىشىپ كېتىسەن . مىشېل تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن . ئۇنىڭغا سىتسىلىيەنىڭ ئۆرۈك مېغىزىدىن ياسالغان تورتىنى ئالغاچ كېلىمەن ، — دەپتۇ .

ئوغۇل تۇغۇلغىنىدا ئۇ قايتىپ كەلمىدى . قۇرۇلۇش ئورنىدىكىلەرمۇ ئانا ـ بالىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشىرىشىگە قوشۇلمىدى .

www.uyghurkitap.com

مارى دې ئانتونىئو دائىم ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ خەۋىرىنى سۈرۈشتە قىلاتتى . ئانتونىئو دەسلەپ بىر نەچچە پارچە خەت ۋە ئاز ـ تولا پۇل ئەۋەتىپ تۇردى . كېيىن ئازراق پۇللا ئەۋەتىدىغان ئاخىرىغا بېرىپ ھېچ نەرسە ئەۋەتمەيدىغان بولدى . مارىي يەنىلا ئۇنى كۈتەتتى .

ئۇنىڭ ئوغلى ئانتونىئوغا ئوخشاشلا چىرايلىق ، پەقەت بوغداي ئۆڭرەك ئىدى ، ھازىر يەتتە ياشقا كىردى . ئۇ ئوغلىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ، ئۇ بالىسىنى ئوقۇشقا بەردى . ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە دادىسىغا ئوخشاش ئىنژېنېر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇ بۇ بالىنى بېقىش ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى . ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىزغا نىسبەتەن بۇنداق قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى . ئۇ قانداق ئىش بولسا قىلدى ، ئاق تەنلىكلەر بار جايغا دائىم بېرىپ تۇراتتى . ھەر قېتىم ئىتالىيىلىكلەرنى ئۇچراتسىلا ئىتالىيە تىلىدا سۆزلەپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى . ئاندىن ئۇ ھەممىلا ئادەمدىن ئانتونىئو ئىسىملىك بىرىنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى ، ئۇنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورايتتى .

بەزىلەر ئۇنىڭغا كۈلەتتى ، لېكىن بىر قېتىم بىرەيلەن ئانتونىئونى تونۇيدىغان بولۇپ چىقىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئانتونىئونىڭ ھامان بىر كۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئافرىقىنى ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

مارىي يەنىلا ئۇنى ساقلاۋاتىدۇ ، چۈنكى ئۇ قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بەرگەن . مارىيغا نىسبەتەن ئانتونىئو بىردىنبىر ئەر ھېسابلىناتتى .

## تۆتىنچى باب

## ئاق تەنلىكلەر

گوبادورىتىدا نۇرغۇن ئاق تەنلىكلەر بار ئىدى . ھەممىسى دېگۈدەك ئافرىقىلىق ئايالالار بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ ساپ ئاق تەنلىكلەر ئائىلىسى ناھايىتى ئاز ئىدى .

بىر ئائىلىلىك بېلگىيىلىك بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى كارخانىسى بار ئىدى .

ئۇ كـۆرۈنۈشتە تولىمۇ قېرى كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ دېرىبى ئىسمىلىك چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ ھەممىلا ئادەمگە ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى . ئۇنىڭ ئايالى كۈن بويى كارىدوردا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچەتتى . ئۇنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتكە تولغان كۆپكۆك كۆزلىرى سېپىرنىڭ كۆزىگىلا ئوخشايتتى . ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قېلىپ تىنچلىق سورىغۇدەك بولسىڭىز ئۇ سىزگە قاراپمۇ قويمايتتى .

يەنە بىر ئائىلە بېلگىيىلىكمۇ بولۇپ ، كىشىلەر ئۇ ئۆيدىكى ئايالنى « پاتقاق گۈلى » دېيىشەتتى . ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇنى بـۇنداق ئاتىشىدىكى سەۋەب ئۇ ئېلگىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قالـتـىس ئىكەنلىكىنى ، ھازىر ئۆزىنى ئېسىلزادە خانىملاردىن ھېـسابلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن . دېمىسىمۇ ئۇ يۇقىرىدا ئېيتقان ئايالدىن ياخشىراق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ ، ھەر يىلى يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزگىلى گوبادورىتقا كېلەتتى . كىشىلەر دائىم يولدا ئۇ ئۈچىسىنىڭ بىللە ئات مىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆ-

رەتتى . « پاتقاق گۆلى » ئات مىنگەندە ئىگەر ئىشلەتمەيتتى . گەرچە قېرىغان بولسىمۇ مۇرىسىگە چۈشكەن چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ ھەممەيلەنگە سالام قىلاتتى ، كۆلگەن ئاۋازىنى خېلى يىراقتا تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى .

بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپىدا قارا سىزىق پەيدا بولۇپ قالاتتى ، شۇنداقتىمۇ ماڭا ئۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى . گوبادورنىتا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى مىش - مىش پاراڭ ئىنتايىن كۆپ ئىدى ، بەزىلەر ئۇنى « چەت ئەلنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەممە خادىملىرى بىلەن بىللە يېتىپ باققان » دېيىشسە ، ئۇنىڭ قىزلىرىنى « تولىمۇ ئەركە قىزلار » دېيىشەتتى . دادىسى ئاز سانلىقلار قاتارىدا بولۇپ ، تۈزۈكرەك سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى . ئۇنىڭ ئايالىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىرنال بىلەن چوقۇم باشقىچە مۇناسىۋىتى بار ئىدى . بىرنالنىڭ بەشلا سىنىپى ، ئون ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . باللار ئاق تەنلىك ياكى شالغۇت ئىدى . ئۇ مەكتەپنى يامان دېگىلى بولمايتتى .

بۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك مەكتەپ ، مەكتەپتە بىر ئۇزۇن قويرۇقلۇق مايمۇن ۋە قىزىل قۇيرۇقلۇق قارا تۆكلۈك شاتۇتىمۇ بار ئىدى ، باللارغا ئوخشاش تېكىست يادلايتتى يەنە ئاز - تولا لىنكارا تىلى ۋە فرانسۇز تىلىنى بىلەتتى . بىرنال سېرىق چاچلىق بولۇپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى . « پاتقاق گۆلى » ئۇنىڭ ئاپىسى قورامىدىكى ئايال ئىدى . بىرنال چۈشتىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ باراتتى ، ئىككىيلەن بىر ئېغىز ئۆيدە بىر نەچچە سائەت بىللە بولاتتى . باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ پەقەتلا كارى بولمايتتى .

ھېلىقى ئۆيدە چوڭ بىر قەپەس بولۇپ ، ئىچىدە لىق شىر بالىسى ۋە قاپلان باللىرى بار ئىدى . ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرگى-

www.uyghurkitap.com

نىمدە ۋە « پاتقاق گۈلى » گە قارىغىنىمدا ئۇلارنى ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىمەن .
گىئوگراف ماركىنىڭ ئايالمۇ بىلگىيىلىك بولۇپ ، ئىسمى ئىزابېللا ئىدى . ئۇ كىنشاسادا تۇغۇلغان بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ ئىرىق قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى . بىر قېتىم سىچوۋ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تاماققا بارغىنىمدا ئۇنىڭ باللىرىغا بولغان مۇئامىلىسى ، باللىرىغا سۆزلىشىنى كۆرۈپ شۇنداق ئوڭايسىزلاندىم . ئۇنىڭ : ئەگەر زاھىردا نېگىرلار بولمىغان بولسا بەئەينى بىر جەننەت بولغان بولاتتى ، دەيدىغان قاتمال قارىشى بار ئىدى . ئىزابېللا ئىنتايىن ياش ، چىراي - تۇرقىمۇ چىرايلىق ، لېكىن تاتىراڭغۇ ئىدى ، ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى چىرقىراق ئاۋازى شۇنداق سەت ئاڭلىناتتى .
مارك ئىتالىيىدىن يېڭىلا كەلگىنىدە كىنشاسادىكى بىر تانسىخانىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بىللە بوپتۇ ، شۇنداق قىلىپ ئىزابېللانىڭ بويىدا قاپتۇ . لېكىن ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى ، ئىككىسىنى ئىككى دۇنيا دېيىشكە بولاتتى . مارك شوخ ئىدى ، زېھنى ئۇرغۇپ تۇراتتى ھەم ئەقىللىق ئىدى . ئۇ مالىنى شىركىتىنىڭ ئايرودروم ئۇچۇش يولىغا سىمونت ياتقۇزۇشتا ئىشلىتىدىغان يوغان ماشىنىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا ئەپچىللىك بىلەن چىقالايتتى ، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئاق تەنلىك كەپسىز ئوغۇل بالىغىلا ئوخشايتتى . ئۇ چاقچاقچى ئىدى ، يەرلىك تىلنى بىزدەكلا راۋان سۆزلەيتتى . ئۇ مەن بىلەن بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلمىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىرى . ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلاشسىڭىز ، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالاتتى . ئۇ نۇرغۇن ناخشا بىلەتتى . بۇ ناخشىلارنى ئۆزى گىتار بىلەن ئورۇندايتتى ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا رازى ئىدىم .

ئىزابېللا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھېچ نەرسىنى ياقتۇرمايتتى، ئورمانزارلىقتىكى تۇرمۇشىدىن مەڭگۈگە نارازى بولۇپ ئۆتەتتى، كىنشاسادىكى ۋىتېرىنا ۋە كىنوخانىلارنى مەڭگۈ سېغىناتتى.

گوبادورىتتا بىرمۇ كىنوخانا يوق ئىدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ « مودېن ئېدېن » دەيدىغان قاۋاقخانىسىلا بولۇپ، ئۇلار شۇ يەردە كەچلىك تاماق يېيىشەتتى. ئىزابېللا سېمىز بولسىمۇ، بىر نەرسىلەرنى يەپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم تاۋا نېنى قىلغىنىدا پۈتۈن رايونغا بىلدۈرمەي قالمايتتى. ئۇ نوجېرا ئۈن دۈكىنى ۋە كوچىدا ھەممىلا ئادەم بىلەن جاڭجاڭلىشاتتى. ئاندىن بىر كۆك رەڭلىك پەرتۇقنى تارتىپ، بېشىغا كۆك رەڭلىك ياغلىقنى ئارتقاندىن كېيىنلا ئىشنى باشلايتتى.

ماركىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، مېھمانلار ئىزابېللانىڭ چارچىغان، تەرلەپ پىشقان، خۇددى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن زور قۇربانلارنى بەرگەندەك قىياپىتىنى كۆرەتتى. ئۇ ئۆيدە كۈن بويى تىرناق ياساش، خۇرىئو ئىگلىسئاسىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

مۈمكىن بولسىلا ئايروپىلان بىلەن كىنشاساغا باراتتى. بالىسى تۇغۇلغاندا، ۋاكسىنا ئەملەشنى باھانە قىلىپ ئاتىسىنىڭكىدە ئۈچ ئاي تۇردى.

فرانسىسكا مانا مۇشۇ چاغدا ئوغلى ۋە لىنكارا تىلى لۇغىتىنى تۈزگەن فرانسىيىلىك يولدىشى بىلەن دىم ئالغىلى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ يولدىشى مۇلايىم، كەم سۆز بولۇپ، سائەتلەپ ئارقا چېلىشنى ياقتۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىگە بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. فرانسىسكا ئىرقشۇناسلىق كەسپىنى ئوقۇغان بولۇپ،

زاھىردىن ئىبارەت بۇ جاي ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى .

فىرانسىسكا چىرايلىق ئىدى ، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەندىكى ئوچۇق ـ يورۇقلىقى كىشىدە ئىللىق سېزىم پەيدا قىلاتتى . ئۇنىڭ قىزغۇچ كەلگەن ئۇزۇن ، ئىنچىكە چاچلىرىنى سىيلاشنى ياخشى كۆرەتتىم .

بىز تېزلا دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق . مەن ئۇنىڭ بىر گېزىتتە كۆرگەن رومىناباۋرغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا ، ئۇ كۈلگىنىچە ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ، قارا تەنلىكلەر-نىڭ نەزىرىدە ھەممە ئاق تەنلىك ئوخشاش كۆرۈنىدىغانلىقىنى ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ نېگىرلارمۇ شۇنداق كۆرۈنىدىغانلى-قىنى ئېيتتى .

ئۇنىڭ كەپە ئالدىدا مارك بىلەن كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى تۇنجى كۆرگىنىمدىلا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تازا باپ كېلىدىغان-لىقىنى ھېس قىلغانىدىم . گوبادورىتتا نېگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەر-نىڭ ھەممىسىلا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلاتتى . لېكىن ئىزابېللا دۆتتەك ھېچ نەرسىنى سەزمەي يۈرەتتى .

مەن سىچوۋنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە فران-سىسكا مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى . ئۇ كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن چارچىغاندەك ئىدى . مەن ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدىم . كۆزلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكىنىدىن خېلى ئۇزۇن يىغلىغانلىقى بى-لىنىپ تۇراتتى . ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ قانداقتۇ مۇ-رەسسە ، پوپوزا قىلماق ، مۇتلەق بەخت دېگەندەك بىر تالاي مۇ-رەككەپ سۆزلەرنى قىلدى . مەن ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم ، شۇنداقلا بىر دوستتىن ئايرىلىپ قېلىۋات-قانلىقىمنى چۈشەندىم .

شۇ كۈنگە قەدەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانىنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم . گوبادورىتتا ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىنى ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم .
شۋېيتسارىيىلىكلەرنى ئېلىپ ئېيتايلى : ئۇلار بىللە بولغاندا ئىنتايىن خۇشال ، ئەر ــ ئاياللار چوڭ بىر ئۆيدە تۇرىدۇ . ھەممىسىلا سېرىق چاچ ، كۆك كۆز كەلگەن ياشلار . ئۇلار شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ، شۇنچىلا كەمتەر .
ھەممىدىن بەك كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈردىغىنى زۇگتوگىنىڭ سېپىرلىرىغا قارايدىغان مال دوختۇرى ئاندىرى ئىدى . ئۇ كەكە ساقال ، سېرىق بۇدۇر چاچلىق كىشى ئىدى . ئۇ ھەممىلا ئادەمگە كۈلۈپ قارايتتى ، بىراق باشلىقى بىلەن چىقىشالمايتتى . ئۇنىڭ باشلىقى موراك ئەپەندى مۇتەئەسسىپلىكتە ئۇچىغا چىققان ئادەم . ئۇ زۇگتوگىنىڭ كۈنتەرتىپىگە مەسئۇل . ۋەھالەنكى ، پەقەت ئاندىرىلا ئۇ ئاشۇرۇۋەتكەن چاغلاردا دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيتتى .
موراك ئەپەندىنىڭ ئايالى ۋە ئىككى بالىسى شۋېتسارىيىدە ئىدى . بەزى چاغدا ئايالى ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ ، بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن كېتىپ قالاتتى . ئۇ ئېگىز ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئورۇق ، چوڭ كۆز ، كەسكىن ئايال بولۇپ ، موراك بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ھېلىقى ئايالدىن كۆپ چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئىسمى سوفىي بولۇپ ، موراك خىزمەتدىشى گىلىنىڭ قېشىدىن قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى .
ئېھتىمال شۇ سەۋەبلىكمۇ گىل كۈن بويى غەمكىن يۈرەتتى ، ئىچ پۇشۇقىنى ھاراقتىن چىقىراتتى .
ھەممىلا ئاق تەنلىك دېگۈدەك ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنى تۈزۈك ، ئۆز ئايالىنىڭ باشلىقى بىلەن بىللە بولغىنىنى كۆرۈش

تولىمۇ ئازابلىق ، دەپ قارايتتى . مەن بولسام ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتمەسلىكىدىكى سەۋەب ، ئۇ ئايالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدە ، دەپ ئويلايمەن . ئۇ بۇ يەردە قالسا ھېچ بولمىغاندا ، ئۇ ئايالنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرالايتتى ..

سوفىينىڭ موراگىنى قوبۇل قىلىشى ئىھتىمال ئۇنىڭ پۇلى ۋە ئورنىدىن بولسا كېرەك . ئۇ ھەشەمەتلىك ئۆيدە تۇراتتى ، قوراسى ئىچىدە چوڭ گۈللۈكى ۋە سۇ ئۈزۈش كۆلى بار ئىدى . كىنشاسادا بۇنداق ئۆيلەر ساماندەك ، لېكىن گوبادورىتتا شۇ بىرلا ئىدى ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە زۇگتۇگنىڭ ئۆيىمۇ بار ، ئەلۋەتتە .

ئۆيدە چوڭ بىر زال بولۇپ ، ئوتتۇرىدا يوغان دەرەخ بار ئىدى . دەرەختە بولسا لىق شاتۇت تۇراتتى . شاتۇتلارنىڭ قانىتى كېسىۋېتىلگەچ ئۇچۇپ كېتەلمەيتتى . بىر قېتىم مەن ئۇ ئۆيگە كىرگەندە شاتۇتلارنىڭ ئاق مەرمەر تاشقا چېچقان پوقلىرىنى چاكارلارنىڭ شۇ زامان سۈرتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم .

سوفىينى ھازىر پۇلدار دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىلچىمۇ بەختلىكلىكى بىلىنمەيتتى . بەلكىم موراگ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغاندۇ ، ئۇ باشقىلارغىمۇ شۇنداق غەلىتە مۇئامىلىدە بولىدۇ ، ھەتتا ئۆز ئايالىغىمۇ شۇنداق .

شۋېيتسارىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىلا جېر موراگىغا چوقۇم جەڭ ئېلان قىلىدۇ ، سوفىينى قايتۇرۇۋالىدۇ ، دېيىشەتتى . لېكىن ھازىرغا قەدەر ئۇ بۇنداق قىلمىدى . گوبادورىتتا يەنە بىر تۈركۈم ئاق تەنلىكلەرمۇ بار ، يەنى ئۇلار زۇگتۇڭ مەكتىپىنىڭ بالىلىرى ئىدى . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار پۈتكۈل زاھىردىكى داڭلىق ئەربابلارنىڭ يەنى ھۆكۈمەت مىنىستىرى ، ئۆلكە باشلىقى ياكى زۇگتۇڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى .

مۇدەررىسلەر بىلگىيىلىك خرىستىئان دىنىنىڭ مىسسىئو-
نىرلىرى ، يەنە بىر قانچە ياۋروپالىق دىن ئوقۇتقۇچىدىن تەركىب
تاپاتتى .

مەكتەپ مۇدىرى بولسا سالاپەتلىك خرىستىئان دىنى
مىسسىئونىرى بولۇپ ، كەسكىن ھەم كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوز-
غايدىغان كىشى ئىدى . ئۇ قامەتلىك ، قوڭغۇرچاچ ، كۆك كۆزلۈك
ئىدى ، ئۇ ماران . بەيتكە ، يەنى مەن قانچە يىل ئىلگىرى كىنشا-
ساغا بارغىنىمدا بىر كىنودا كۆرگەن ھوللىۋودنىڭ ئاشۇ كىنو
چولپىنىغا ئوخشايتتى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى ، بەزى
مىسسىئونىرلاردىنمۇ قورقاتتى ، مىسسىئونېرلار ئۇنىڭدەك كېلىش-
كەن ئەمەس ئىدى ، ئەمما ئىنتىزامدا ئۇلارنىڭ ھەممىسلا قاتتىق
قول ئىدى . كىتاب سېتىۋالمىغان ياكى ئىپادىسى ناچار ئوقۇغۇ-
چىلار دۇمبىسىگە قامچا يەيتتى ياكى شېغىللىق يەردە بىر قانچە
سائەت تىزلىنىپ ئولتۇراتتى ، شەنبە كۈنىدىكى جىسمانىي ئەم-
گەككە قاتناشتۇرۇلماي ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىشلارغا سېلىناتتى .
جىسمانىي ئەمگەك شەنبە كۈنى ، يەنە زۇكۇنۇڭ بېكىتكەن بەزىبىر
كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلاتتى . ھەممە يۇقىرا قاتنىشاتتى ، مەرتىۋىلىك
كىشىلەرمۇ قاتنىشاتتى . ئەمما ، ئۇلار شەكىل ئۈچۈنلا قاتنىشىپ ،
ھەقىقىي ئېغىر ئەمگەكلەرنى باشقىلارغا قىلدۇراتتى . بىزنىڭ مۇ-
ئاۋىن ئۆلكە باشلىقىمىز دەل شۇنداقلارنىڭ بىرى . ئۇ پادىچىلار
شىلەپىسىنى كىيىۋالاتتى . ئۇنىڭغا يوغان قورسىقى قوشۇلسا تو-
لىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى . ئۇ ھەمىشە چىرايلىق ئۆيلەرنىڭ ئال-
دىدا توختاپ يېۋا ئىچكەچ ئاشنا ئويناشنى ئويلايتتى ، ئىلگىرى ئۇ
مەن بىلەنمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى . لېكىن ، ئۇنى كار-
دوردا پىۋا ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئىشكنى قۇلۇپلىۋالغا-

نىدىم .

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچتە سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى ، ھەر يىلى ئۆيلىرىگە ئىككى قېتىم قايتاتتى . ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىلىرىنىڭ قىز دوستى ياكى ئوغۇل دوستى بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ كېچىدە مەكتەپ تېمىنى ئاتلاپ سىرتقا چىققىنى سېزىۋېلىنسىلا مەكتەپتىن قوغلىناتتى .

بىر دوستۇم شۇ ئۇسۇل بىلەن كەچتە سىرتقا ئويۇنغىلى چىقماقچى بولۇپ بويىنىنى سۇندۇرۇۋالغانلىقتىن ئۆمۈرۋايەت پالەچ بولۇپ قالدى .

مەن گوبادورىتتىكى ئاشۇ يىلى خرىستىئان دىنى مىسسىئونىرلىرىدىن باشقا جەمئىي ئۈچ نەپەر ياۋروپالىق ئوقۇتقۇچى بار ئىدى .

ماتىماتىكا ئوقۇتقۇچىسى گوللاندىيىلىك ياشانغان ئايال بولۇپ ، چىشى توڭكايراق ئىدى . ئۇ ئافرىقىلىقلارنى ياخشى كۆرەتتى ، نېگىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى ياقتۇرغاچقىمۇ ئۆمۈر بويى ئافرىقىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى . ئۇ ياش ھەم كېلىشكەن يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتقاندىن كېيىن ئۇلارغا بىر بوتۇلكا ۋىسكىي سوۋغا قىلاتتى . ھەممەيلەن ، ھەتتا خرىستىئان دىنى مىسسىئونىرلىرىمۇ بۇ ئىشنى بىلەتتى ، ئەمما بىلمەسكە سالاتتى .

ئەكسىچە ، پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى ئىتالىيىلىك ياش قىز ئىنتايىن ئورۇق ھەم ساراڭ قېتىشراق قىز ئىدى . ئۇ بىزنىڭ شۇ جايدىكى بىر خىل ئەپيۇننى چېكەتتى ، قىزىلمۇچ سېلىنغان ئاچچىقسۇنى ئىستاكانلاپ ئىچەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا يوگا مەشىق قىلىشقا بىر ئولتۇرسا بىر قانچە سائەت ئولتۇرۇۋېتەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەرنى قىلىشاتتى ، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ سىرىنى بىلەلىگىنى يوق ئى-

دى . بىز ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئافرىقىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق ، ئېھتىمال ئەپيۇن دېگەن بۇ نەرسە ھەم ئوبدان ، ھەم ئەرزان نەرسە بولغانلىقىدىن ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغاندۇر .

مەن ياۋروپاغا بارغاندىن كېيىنلا ئۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكىنى ، ئۇنى قانداق ئەتكەسچىلىك قىلىپ ئاپىرىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ نېمىشقا خەتەرلىك زەھەرلىك چېكىملىك دەپ قارىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم . بىزنىڭ ئۇ يەردە ئەپيۇننى ھۆكۈمەت تەرەپ چەكلىگەن بولسىمۇ ، يەنىلا نۇرغۇن كىشى چېكەتتى . لېكىن ، مېنىڭچە ئەڭ خەتەرلىكى گۈرۈچتىن ياسالغان ۋە پالما تالاسىدىن ئىشلەنگەن ھاراققا ئۆگىنىپ قېلىش ئىدى . ئەگەر ئۇنى ئىچىپ مەست بولۇپ قالىدىغان بولسىڭىز ئىلىپتەك تۈز بولۇپ ئۆلۈپ كېتىسىز .

بىزنىڭ ئۇ يەردە ئەرلەر ئەپيۇن چەكسە قوپاللىشىپ كەتمەيدۇ ، لېكىن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا خالىغانچە سەۋەب كۆرسىتىپ سىزنى دۇمبالايدۇ .

يەنە تېررى ئىسىملىك پارىژلىق بىر سۆيۈملۈك ئەپەندىمۇ بار . ئۇ فرانسۇز تىلى ۋە فرانسىيە ئەدەبىياتى دەرسى بېرەتتى . ئۇ مولايىم ھەم غەمكىنىدەك كۆرۈنەتتى . مەكتەپتە ياتىدىغان قىزلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ئۆزى يالغۇز ئوغلى بىلەن بىللە مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك ئۆيدە تۇراتتى ، ئۇ بالا ياش ئافرىقىلىق قىزدىن تۇغۇلغان ئارىلاشما قان تېپىدىكى بالا ئىدى . ئايالى بىر كېچىدىلا نەچچە ئايلىق بولغان بالىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن بۇيان تېررى بالىنى ئۆزى بېقىۋاتاتتى . ئۇ ئايالىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ، ئايالى ئۇنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ھېچقانداق ئايال زاتىغا قاراپمۇ قويمىدى .

# بەشىنچى باب

## ئالدامچىلىق ۋە ئاسىيلىق

كۆپلىگەن ئافرىقىلىق قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئاق تەنلىك ھەمراھىنى ئالدايدۇ. ئاماندىنا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

ئۇزۇندىن بېرى شۇنداق بىر ئۆيدا، يەنى بىر ئاق تەنلىككە ياتلىق بولۇش ئۆيىدا يۈرەتتى، ئۇ ئاق تەنلىك ياش ياكى قېرى بولسىمۇ، سەت ياكى چىرايلىق بولسىمۇ مەيلى، پۇلى بولسىلا بولاتتى.

ئۇ ھەتتا بىر ئايال پېرىخوندىن ھەر قانداق ئاق تەنلىكنى ئۆز ئايىغىغا يىقىلدۇرالايدىغان سېھىرلىك رېتسىپ سورىغان، بىر نەچچە ئاي دەرەخ يوپۇرمىقى چىلانغان سۇدا بەدىنىنى يۇغان، ئاندىن بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە گاۋلىڭ توپىسى مېيى سۇرتكەن يەنە ھەر كۈنى كەچ ئەپسۇن ئوقۇغان. ئاخىرىدا ئۇ پىيېرنى — يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان شۋېيتسارىيىلىكنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭ ئافرىقىلىق ئايالى بولۇپ لىشاسادا تۇراتتى، شۇنداقلا ئىككى بالىسىمۇ بار ئىدى.

ئاماندىنا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، پىيېر ياۋروپاغا كەتكەندە ئۇ بىر نېگىر بىلەن بىللە بولدى. نۇرغۇن قىزلار نېگىرلار مۇناسىۋەت قىلسا تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ھەقىقەتەن ياخشى، بەزىلىرى بىر ئاخشامدا بەش ـ ئالتە قېتىمغا يارايدۇ. لېكىن، ئۇلار شۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ، سىيلىمايدۇ، سۆيمەيدۇ، سىز ھوزۇرلىنىۋاتامسىز، يوق ئۇلارنىڭ

بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ.

دوستلىرىم ماڭا شۇنداق دەپ بەرگەن، مەن ئەزەلدىن بىر ئافرىقىلىق بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەچكە. مەندە ئۇنداق تۇيغۇمۇ بولۇپ باقمىغان.

بەزى چاغلاردا ئۆز ـ ئۆزۈمدىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورايمەن. لېكىن، سورىغىنىم بىلەنمۇ چۈشەنمەيمەن. بەزىلەر مېنى تەلىپى ئۈستۈن دېيىشىدۇ. بىر نېگىر ئايال بىلەن بىر ئاق تەنلىك ئەر بىللە تۇرسا، بۇ ئىش باشقىلار تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ياخشى ئىش دەپ قارىلىدۇ. مەن شۇنىڭ سەۋەبىدىنمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۆزۈم شۇنداق ئىدىم. ئاماندىنا ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ قارا تەنلىكنى ئىزدىشىدىكى سەۋەب ھېلىقى ئاق تەنلىك قىرى بولغاچقا ئۇنى قاندۇرالمىغاندى.

ئەمما، دېيىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىقىپ يۈرگەن پاراڭلارنى ئاڭلاپ ئاماندىنانى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

دەل شۇ چاغدا نوگايرا پەيدا بولدى. ئۇ پورتۇگالىيىلىك بولۇپ، نېگىر قىزلارنى بىللە ياتايلى، دەيدىغانلاردىن ئىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر باھانە بىلەن ئاماندىنانى قىلتاققا چۈشۈرۈۋالدى. كېيىن كىچىك بىر دۇكاننىڭ كەينىدىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان چۆپلۈكتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نوگايرا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشلاندى. بىر ئاق تەنلىكتىن ئايرىلىپلا يەنە بىر ئاق تەنلىككە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ خوشال ئىدى.

ئەمما، نوگايرا كېسەل بولۇپ قالدى، بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇنىڭ سىفىلىس بىلەن يۇقۇملانغانلىقى بىلىندى.

ئۇ غەزەپلەندى. بۇ كېسەلنى ئاماندىنادىن يۇققان دەپ

قاراپ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە سىفىلىس ئۇنىڭدىن يۇقمىغانىدى. ئاماندىنانىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئىلگىرىكى شۆپىتسارىيىلىكنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى، ئۇلار بۈگۈنگىچە بىللە ئۆتىۋاتىدۇ.

ساداقەتسىز ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىش لازىم.

مارىي دې ۋىئىرنىڭ سەرگۈزەشتىسى مېنى ناھايىتى ئازابلايدۇ.

ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى بىر بىلگىيىلىككە بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئون تۆت ياشتا بولۇپ، بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىلەن تېگىشكەنىدى.

ئۇ چاغلاردا بازار ئەھۋالى ئۇنچە ناچارمۇ ئەمەس ئىدى. ئادەتتە بىر ئافرىقىلىق ئەر ئايال تەرەپنىڭ ئاپىسىغا بىر ئۆچكە، چوڭ ئورغاقسىمان قىڭغىراقتىن بىرنى ۋە كالتە يىپىنچىدىن ئىككىنى، قىزنىڭ دادىسىغا بىر ساندۇق پىۋا بەرسىلا بولاتتى.

ھەممىدىن قورقۇنچلىقى بۇ بىلگىيىلىكنىڭ مىجەزى ئىدى. ئۇ ھەم قەبىھ، ھەم قوپال، ھاراقكەش، ئۇرۇش - جېدەلگە ئامراق ئىدى. ئايالى بىلەن ئافرىقىدا ئىپچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كېيىن ئۇ ئايالىنى بىلگىيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە دوستلىرىغا ئويناشقا بېرىپتۇ، دەسلەپتە ئۇ ئايال بۇ ئىشتىن نومۇس ھېس قىلىپ، يوشۇرۇن يىغلاپتۇ، كېيىنچە ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئېرىغا قارىغاندا مۇلايىم بولۇپ، ئۇنىڭغا سوۋغات بېرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ كېيىنچە، ئۇلار بىلەن ئويناشنى ياقتۇرىدىغان بوپتۇ، ئېرىغا ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي سىرتقا چىقىدىغان بولۇۋاپتۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە كۆپ پۇل تې-

پىپتۇ.

ئۇ ئايال ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ ، ئاجايىپ سەرگۈ-زەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەنىدى .

بۇلتۇر ئۇ ئۆلۈپ كەتتى . ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ ، يولدىشى ئۆلۈپ بىر قانچە ئايغا قالمايلا ئۆل-دى . ھەر ئىككىلىسى ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلدى .

مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىنى ئازابلايدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەرنى دەپ بېرەلەيمەن . بەزىدە ئاتا ـ ئانامنى ئويلاۋېتىپ بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ قالغۇدەك بولسام ، كۆڭلۈمنى ئېغىر تاش باس-قاندەك تۇيغۇدا بولىمەن . نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بار ، ئەسلىدە ئۇلار ئاق تەنلىككە تېگىپ ، ياخشى كۈن كۆرۈشنى ئويلايتتى .

مېنىڭ يەنە بىر دوستۇم بولىدىغان ، ئۇنىڭ لەقىمى « مىلىدىئان » ( بىر چوڭ قاۋاقخانىنىڭ ئىسمى ) ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنداق ئاتىۋېلىشىدىكى سەۋەب ئۇ ھېلىقى ئەرنى شۇ چوڭ قاۋاقخانىدا ئۇچراتقانىكەن . ئۇ باشقىلاردىن ئۆتۈنۈپ يۈرۈپ كۈتمىگەندە قاۋاقخانىنىڭ ساتىراشخانىسىغا ياردەمچى بولۇپ خىز-مىتىگە ئورۇنلاشتى . ئۇ ئىشنى تۇگىتىپلا چىرايلىق ياسىنىپ قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ مېھمانلىرىنىڭ ئىچىدىن كۆڭلىدىكى ئادە-مىنى ئىزدەيتتى . « مىلىدىئان » چىرايلىق بولغانلىقتىن ئەرلەرمۇ ئۇنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى . شۇنداق ئىشلار تەكرار-لىنىۋەرگەچكە ئۇ ھەر ياڭزا ئەرلەرنى ئۇچراتتى . كېيىن ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم ، بەلكىم بىر ئاق تەنلىك ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكەندۇ . سىچۇۋ بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلاپ نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كىن-شاساغا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن باردىم . بىز بىر

مېھمانخانىدا تۇردۇق . بىر كۈنى يېرىم كېچە بولاي دېگەندە بىرىنىڭ ئىشىك چەككەنلىكىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم . چۈنكى ، بۇنداق يات يەردە بىر ئەر بىلــەن بىللە تۇرۇش ئادەمگە گۇناھتەك تۇيۇلىدىكەن . سىچوۋ :

— كىم ؟ — دەپ سورىۋىدى . بىر ئايالنىڭ :

— سۆيگۈ ، — دېگىنى ئاڭلاندى .

سىچوۋ ماگا پاھىشە ئاياللارنىڭ شۇ خىل ئۇسۇلدا مېھمان ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . بىز قايتا جاۋاب بەرمىدۇق . لېكىن ، ئىشىك چېكىلىۋەرگەچ سىچوۋ ئاچچىقلىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . مەن مىرىدىئاننى كۆردۈم . ئۇ مەيدىسى ئوچۇق كۆينەك كىيگەن ، قېنىق گىرىم قىلىۋالغانىدى . راستىنلا شۇمىدۇ ؟ مەن يوتقاندا ياتاتتىم ، ئۇ ئىشىكتە تۇراتتى . بىز شۇ تــەرىقىدە بىردەم قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن چىڭ قوچاقلاشقىنىمىزچە يىغلاشتۇق ھەم كۈلۈشتۇق . بىز سىچوۋنىڭ ئوخلاۋېرىشىنى ئېيتىپ ، ئىككىمىز كرېسلودا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە پاراڭلاشتۇق .

ئويلاپ باقساق ، ئارىمىزدىكى كۆپ كىشىلەرنىڭ تاللىشى بىمەنە ئىدى . ئەڭ ئۇچىغا چىققىنى بىبتو ئىدى . ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق دىنىي تەربىيە بەرمىگەنىدى . ( بۇ تەرىپى ماگا ئوخشمايتتى ) ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زور بەدەللەرنى تۆلەپ ، ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى . ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزگىچە خاس خاراكتېرى بولغاچقا كىشىدە ئۇنىڭ ئىستىقبالى بار ، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى .

دەرۋەقە ، بىبتو ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى . ئۇنىڭدا ئالاھــدە بىر خىل گۈزەللىك بولۇپ ، ئازراق شەرقىنىڭ پۇرىقى بار ئىــدى . تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ ئۇنداق قېنىق ئەمەس ئىدى ، يول

ماڭغاندا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىلا بىر ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مۇھەببەتلەشكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىرى بولدى. ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىك ياكى نېگىر بولۇشىنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى، پەقەت پۇل بولسىلا بولاتتى. بىبىتونىڭ ئەر ئالماشتۇرۇشى بىر كۆڭلەكنى ئالماشتۇرغاندەكلا ئىش ئىدى. ئۇ ئەرلەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە ئامراق ئىدى. ئۇلاردىن ئازراق پۇل ئوندۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئۇلارنى تاشلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتە ھەمدە ئۆز بېشىمچى ئىدى. بەزىدە ئۇلار ئۇنى تاشلىۋېتەتتى.

ئۇ ئون يەتتە ياش چېغىدا بىر برازىلىيىلىك كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى بىتورو بولۇپ كېلىشكەن كىشى، ئۇ قوپال كىشى ئىدى، بىبىتو سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى.

ئۇ بىبىتونى مودېل بولۇشقا تەلەپ قىلدى. ئۇ ئافرىقىدىكى چىرايلىق قىزلارنى ياۋروپاغا مودېللىققا ئېلىپ بارىدىكەن، بىبىتو ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ مودېللىق ھاياتى ئاخىرلاشقانىدى. برازىلىيىلىك غايىپ بولۇپ، كىمدى دېيىلىدىغان يەنى بىبىتوغىمۇ، بىتروغىمۇ ئوخشايدىغان بىر ئوغۇل بالا پەيدا بولدى.

بىبىتونىڭ رەسىم بىلەن تولغان ئالبۇمى، ئۇ ھەمىشە ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار، خان ئوردىسىدىكىدەك زىياپەتلەر ھەققىدە سۆزلەيتتى، ئۇلار ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئىدى. ۋەھالەنكى، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا قايتىپ، «قىزىل شاتۇت» بەزمىخانىسىدا قىلغىلى ئىش تاپتى. ئۇ بەزمىخانا ئاق تەنلىكلەرنىڭ پۇلدار نېگىر قىزلىرىنى ئىزدەپ بارىدىغان جايى ئىدى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئامېرىكا شىركىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئۇ كىيىنى جىق پۇل تۆلەپ بالىلار باغچىسىغا بېرىشكە رازى ئىدىكى ، ئۆز يېزىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى .

مەن ئىتالىيىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆرگىلى باردىم . ئۇنىڭ ھارغىن ھالىتىنى ۋە ئورۇقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى .

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، ئېسىل سوۋغىغا ئېرىشكەندەك بولدۇم .

بىبىتو خېتىدە بىر خۇش خەۋەرنى يېزىپتۇ : ئۇ پات ئارىدا ئىتالىيىگە كېلىپ بىر ئىتالىيىلىك باي بىلەن توي قىلىدىكەن ، ئۇ مېنى ۋېنىتسىيىگە توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ . ئاندىن خېتىدە بولغۇسى يولدىشى يۈگېنىڭ گەرچە ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەملىكىنى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپتۇ . بۇ يەردىكى چاتاق ئىش شۇ ئىدىكى ، يۈگى ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيدىغان ، پەقەتلا ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىكەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ نىكاھى ھەقىقىي بولماستىن بىر خىل كېلىشىمدىنلا ئىبارەت بولىدىكەن .

دوستۇم ئىشقا پەرۋا قىلمايدىكەن ، لېكىن ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر توپ مەسىلە ئىدى . ئېھتىمال ئۇ كۆپلىگەن يىگىتلەرنى كۆرگەن بولغاچقا ، ئۇلاردىن بىزار بولغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۇ خېتىدە يۈگېنىڭ چىرايلىق بىر ئوغلى بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى ، كىيىنى ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى قوشۇپ قويغانىدى ، ئاندىن توي مۇراسىمىدىكى بىر

تالاي تەپسىلاتلار ، ئۆزىنىڭ توي كۆينىكى ۋە كۈتۈۋالىدىغان شەخسلەر توغرىسىدا خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا تەسۋىرلەپ يازغانىدى . شۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەشەمەتلىك سورۇنىنىڭ شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشىنى بۈگۈنگىچە ئۇنتۇغىنىم يوق .

تويىنىڭ مېھمىنى يۈز دىن ئارتۇق بولۇپ ، ھەممىسىلا كۆيئوغۇلنىڭ دوستلىرى ياكى تۇغقانلىرى ئىدى ، بىبىتو تەرەپتىن مەن ۋە كىدىلا بار ئىدۇق . كىچىك كىدىغىمۇ مۇراسىم كىيىمى كىيگۈزۈلۈپ ، كېپىنەك شەكىللىك گالىستۇك تاقاپ قويۇلغانىدى .

يۈگې دوستۇمنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ دوستۇم ئۇلارنى كەلگىلى قويماپتۇ . ئېھتىمال بىبىتو بەختسىزلىكتىن ساقلانماقچىدۇ ۋە ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قورۇنۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇ . چۈنكى ، بۇ سورۇندا مەن چېغىمدا ھودۇقۇۋاتاتتىم ، بەزىدە ئىختىيارسىز كۈلۈش بىلەن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى يوشۇرماقچى بولاتتىم .

توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان چېركاۋ ئاجايىپ گۈزەل بېزەلگەن بولۇپ ، ئاق رەڭلىك گۈللەر قويۇلغان ، يېقىملىق مۇزىكا سورۇنغا كەلگەن ئېسىلزادە خانىملارنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى .

يۈگېنىڭ ئاپىسى توي باشلىنىشتىن بۇرۇنلا يىغلاشقا باشلىغانىدى . ئۇ توي كۆينىكى كىيگەن بىبىتونى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى ، تىنماي بىبىتونىڭ نەقەدەر چىرايلىق كېلىن ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى . ئۇ ئايال ئاپتاپتا قارىداپ ، ھەقىقىي ئافرىلىق ئاياللار بىلەن بەسلەشكۈدەك دەرىجىدە بولۇپ قالغانىدى .

توي مۇراسىمىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئېسىل ماشىنىلارغا

ئولتۇرۇشۇپ ، يۇگېنىڭ يېزىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى . توي زىياپىتى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلەتتى .

ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئۇ ئۆي قەلئەدەكلا چوڭ بولۇپ بىر چوڭ گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىدا ئىدى .

ئۇلارنىڭ باشتىن ـ ئاياغ ئۇنچە ـ مەرۋايىت تاقىغان يا- سانغان تۇغقىنى مېنى ئاشۇ كەڭرى ، گۈمبەز شەكىللىك ئۆگزى- لىك چوڭ زاللارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاچ ئۆگزىدىكى XVIII ئەسىرنىڭ تام رەسىملىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى ھەمدە مەن- دىن نېمە ئۈچۈن دۆلىتىڭلاردا گۈزەل ـ سەنئەت تارىخىنى تەتقى- قات قىلىدىغان ئادەم يوق ، دەپ سورىدى . ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن چوڭچىلىق قىلىۋاتقىنى « مانا مەن » دەپ چىقىپلا تۇراتتى .

كارىدۇر ۋە ھەر بىر ئېغىز ئۆيدە دېگۈدەك غوجىدار بار ئىدى . تويدىن كېيىن بۇ غوجىدارلارنىڭ مۇشۇ ئۆيدە قېلىپ ، دوستۇمدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئويلىسام ئىچىم پۇشاتتى .

زىياپەتتە تاماقلار كۆمۈش قاچىلاردا ئېلىپ چىقىلدى . قاچىلارنىڭ نەپىسلىكىدىن ئۇنىڭدىكى تاماقنى يېگەندە ئۆزۈمنى گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . بىر مۇزىكا ئەترىتى بىر چەتتە مۇزىكا ئورۇنداۋاتاتتى . ئەتراپتىكى قەدىمىي شامدانلاردا شاملار رەتلىك تىزىلغان بولۇپ ، شام نۇرلىرى چاقناپتتى .

مەن ئەزەلدىن ھەتتا تېلېۋىزوردىكى « ساھىبجامال سۆي- گۈسى » تۈردىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىمۇ بۇنداق سورۇننى كۆرۈپ باقمىغانىدىم .

ئولتۇرۇشتا ، يۇگېنىڭ دوستلىرى ئۇزۇن يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن يۇگې بوتاقلىق تۇرمۇشنى ئاخىر ئاخىرلاش- تۇردى ، دېيىشتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار- لىقى چىقىپ تۇراتتى ، ئۇلار يەنە بۇ توينى قىزىقارلىق كومېدىيە ،

دېيىشتى.

تۇيۇقسىزلا مەندە يوگېي ئائىلىسىدىكىلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، دوستۇمنىمۇ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ خىل تۇيغۇ كۈلكەمنى قىستاۋاتتى.

ئۇ مالىيمانچىلىقتا دوستۇمنىڭ مەن بىلەن پاراڭلىشىدىغانغىمۇ ۋاقتى چىقمىدى. مەنمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توختامنىڭ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، قانداق يېزىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

مەن پەقەت ئۇنىڭ ۋېنىتسىيىدىكى يېزىدا بىر نەچچە ئاي تۇرۇش جەريانىدا شۇنداق زېرىككەنلىكىنى، ئاندىن يوگېنىڭ ئۇنى ئافرىقىغا قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇ دۆلەتتىن بۇ دۆلەتكە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنىلا بىلىمەن. ئىشقىلىپ، يوگېنىڭ پۇلى بار ئىدى، ھېچ ئىش قىلماي ساياھەت قىلسا بولىۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوگېنىڭ يېڭى ئويناش ئوبيېكتى — بىر يالغان ئايالى بىلەن بىر يالغان ئوغلىدىن ئىبارەت بىر جۈپ ئوماق، چىرايلىق گۆھىرى بار بولدى.

كېيىن قانداق بولدى، ئۇنىسىنى ئېنىق بىلمەيمەن. مۇقەررەركى، بۇ قورقۇنچلۇق، چىدىغۇسىز، كىشىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىش ئىدى، بۇ بىيتونىڭ ئىلگىرىكى تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. شۇڭا مەيلى قانچىلىك باي بولۇشىدىن، شۇنداقلا ئىلگىرى پۇل ئۇنىڭغا قانچىلىك مۇھىم بىلىنگىنىدىن قەتئىينەزەر، بىيتو يەنىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ كىنشاسادىن ماڭا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، يوگېنىڭ كۆپ پۇل خەجلەپ كىدىنى برازىلىيەدە ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى، بۇنداق قىلىش بالىنىڭ دادىسىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ.

## ئالتىنچى باب

## ئاق تەنلىكلەر دۆلىتى

مىلان ئايرودرومىغا چۈشكەندىن كېيىن بىز بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى كۈن نۇرى ئىدى. دېمەكچىمەنكى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى شۇنچە ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇمانلىق ئىدى. يەنە يول بويىدىكى دەرەخلەرمۇ بار. مەن بۇنداق كىچىك ھەم يېتىلمىگەن دەرەخلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

سىچوۋ گېپىمنى تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، تاكسى شوپۇرىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ يۇرتۇمدىكى دەرەخلەرنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى بىلگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر تۈپ بائوباب دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكىنى ياكى بىر تۈپ سۈت دەرىخىنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرىنى قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بولاي؟

سىچوۋنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا دەرۋازىۋەن موماي چىقىپ كەلدى. ئۇ خۇددى مېنى بۇرۇندىنلا تونۇيدىغاندەك قىزغىن قۇچاقلىغاچ:

— بۇياق بىزنىڭ بويتاق ئوغلىمىزنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان نېگىر قىز كەن-دە؟ — دېدى.

سىچوۋ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ كارىدورىدىن ئۆتتى. كۈلۈۋېرىپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ياخشى كۈنلەر باشلانغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

چۈشتىن كېيىن ئۇ ئاپىسىغا ۋە ئاچىسىغا تېلېفون بېرىپ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتى .
بىز ئۇلارنى كۆرگىلى باردۇق . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاپىسى ماگا سوغۇق ھەم جىددىي مۇئامىلىدە بولدى . ئەكسىچە ئۇنىڭ ئاچىسى مېنى ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىردى . ئۇنىڭ كارىۋىتىدا بىر مۇنچە ئاياغ ۋە كىيىملەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ مېنىڭ ياش ھەم چىرايلىق ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى . بۇنداق بولغاندا ئاشۇ بىر دۆۋە ئاياغ ۋە كىيىملەر ماگا دەل كېلەتتى . مەنمۇ خۇشال ئىدىم . چۈنكى ، كىچىكىمدىن ئاران ئىككى ـ ئۈچلا بەل ئورايدىغان رەختىم بار ئىدى . ئۇمۇ مېنىڭ ئەڭ مەغرۇر چاغلىرىم ئىدى . لېكىن ، ھازىر بىر كېچىدىلا بىر ئىشكاپ كىيىمىم بار بولدى .
سىچوۋ ئاپىسى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى . مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم . لېكىن ، ئۇلارنىڭ گەپ ئورامىدىن ئاپىسى ئوغلىنىڭ تاللىشىغا زادىلا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدىم . شۇ چاغدا ئۆزۈمنى خاتالاشقاندەك ھېس قىلدىم . زادى قەيىرىمنى ئۇ نامۇۋاپىق كۆرۈۋاتقاندۇ ؟ ئېگىز بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ، بەك ياش بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ؟
ئىككى كۈندىن كېيىن بىز ئۇنى يەنە يوقلاپ باردۇق . مەن ئۇنىڭ ئۆي ئىشى قىلىشىغا ياردەملەشمەكچى بولدۇم . سىچوۋمۇ ماگا شۇنداق يول كۆرسەتكەنىدى . لېكىن ، ئۇ زادىلا قوشۇلمىدى . مەن سۇ كۆلچىكىگە يېقىنلىشىشىمغا ئۇ مېنى قوپال ئىتتىرىپ :
— مەن ئەزەلدىن ئۆزۈم قىلىمەن بىرسىنىڭ ئافرىقىدىن كېلىپ ماگا ياردەملىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى .
ئۇ بارا ـ بارا يۇمشاپ قالدى . ھازىر ئۇ مېنى ئىنتايىن

ياخشى كۆرىدۇ . تېخى ئۆز ئوغلىنىڭ ماڭا مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى بىر نەچچە قېتىم ئېيتتى .

ئۇ يەنە ماڭا بۇگۈنكى كۈندە ئاق تەنلىك قىزلارنىڭ ياشانغانلارنى بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقىنى ، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى . مەن ئۇنىڭغا ھازىر يۇرتۇمدىكى ياشانغانلارنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇ بۇنى ئاڭلاپ بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمىگەندەك بولدى .

راستىمنى ئېيتسام ، ياۋروپادا ياشانغانلارنىڭ چەتكە قېقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلاندىم . يۇرتۇمدا ھەر قانداق ئىشتا ياشانغانلارنىڭ پىكرى ئېلىنىدۇ . ئافرىقىدىكى چوڭ جەمەتلەردە ئىقتىسادنىمۇ ياشانغانلار تاكى ئۆلگەنگە قەدەر باشقۇرىدۇ .

قىزىم تۇغۇلغاندا قېيىنانام مەن بىلەن تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەتتى ، قىزىمغا « ئاياساما » دەپ ئىسىم قويدۇم ، ئانا تىلىمدا بۇ « جەڭچى » دېگەن مەنىدە ئىدى . مەن ئۇنىڭغا تۇرمۇشتا ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگەتتىمەن . ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . مەن ھارۋىنى ئىتتىرگىنىمچە باغچىدا سەيلە قىلسام جىق ئادەملەر توختاپ ئۇنىڭغا قارايدۇ . تېخى دائىم بەزىدە بويتاق ئەرلەر ئاۋۋال بالىنى ماختايدۇ ، ئاندىن ماڭا بولمىغۇر تەكلىپلەرنى بېرىدۇ . بۇنداق چاغلاردا مەن نادانلارچە كۈلۈپلا بولدى قىلىمەن . ئېسىمدە قېلىشىچە ، بىر قېتىم بىر ئەر بىر مۇنچە پۇلنى مەيدە يانچۇقىمغا سېلىپ ، ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشىمنى تەلەپ قىلدى .

كېيىن مەن يېزىغا كۆچۈپ باردىم . كىشىلەرنىڭ ئىرقىمغا بولغان ئەجەبلىنىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا ئۆگىنىپ قالدى ھەمدە يەنە ئاۋارە قىلمايدىغان بولدى .

بىر قېتىم مەن ئىككى ياشقا ئۇچراپ قالدىم . ئۇلار

مېنى « كۆن نۇردا راۋۇرۇس قارايغان ئىكەنسىز » دېدى ۋە ئىسقىرتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى . مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم . ئۇلارمۇ تەڭلا كۈلدى . شۇنىڭدىن كېيىن بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق .

مەن ئىنتايىن ئازابلانغان شۇنداق بىر چېغىممۇ بولغان : يېزىدا تۇرۇۋاتقىنىمدا دائىم ئېكىنزارلىقىمىزغا يېقىن جايدىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا باراتتىم . خوجايىن ئىنتايىن مۇلايىم ئادەم ئىدى . لېكىن ، ئايالىنى ئاز ئۇچرىتاتتىم . بىر كۈنى ئۇ خوجايىن سىچوۋ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى دېدى . سىچوۋ بارغىنىدا خوجايىن ئۇنىڭغا مېنى ئۆزلىرىنىڭ ماگىزىنىغا بېرىشىمنى توسوشنى ئېيتىپتۇ . چۈنكى ، خوجايىنىنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولۇپ ، ئوڭايلا قورقۇپ كېتىدىكەن . ئۇ ئايالىنىڭ قورقۇپ كېتىپ مېيىپ بالا تۇغۇپ قويۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

ئۇ كۈنى مەن يىغلىدىم . بىر نەچچە كۈنلەر سىرتقىمۇ چىقمىدىم . مەن ئەزەلدىن بىز نېگىرلارنى نادانلىقىمىز تۈپەيلى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىمىز ، دەپ ئويلايتتىم ، لېكىن بۇ يەردىمۇ نادانلار ئاز ئەمەس ئىكەن .

ئاياساما مەكتەپكە بارغاندىن كېيىنمۇ كۆپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى . بىر كۈنى ئۇ يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىدىم ، ئۇ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئۇرغانلىقىنى ئېيتتى ،چۈنكى ئاياساما « شاكىلات تۇخۇمى » ئىكەن .

مەھەللىدىكى جەمئىيەت ياردەمچىسى بىزنىڭ ئۆيگە سۆھبەتلەشكىلى كەلدى . ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ، بالام تارتىنچاق ئىكەن ھەم باشقىلاردىن ياتسىرايدىكەن . ئۇ بىر تالاي



www.uyghurkitap.com

سوئالLARنى سورىدى ، ئۇنىڭ سورىغان بەزى مەسىلىلىرى كىشىنى تەگلىكتە قوياتتى ، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى سىچوۋ بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ ، بالىنىڭ ئائىلىدە ياخشى كۆ-رۈشكە ئېرىشەلەيدىغان ، ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگۈسى بار ئى-كەن . بۇ مەسىلە تولىمۇ غەلىتە قويۇلدى . بالا دېگەن دۇنيادا ئەڭ مۇھىم تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى تۇرمۇشىمىزدىكى بىردىن-بىر تەسەللى ، دەپ بىلىدىغان تۇرساق .

ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندىكى ئەھۋال ھېلىمۇ يادىمدا .

ھامىلىدار بولۇپ بەش ئاي بولغان چېغىمدا ئاچامنىڭ ئۆ-يىدە تۇرۇۋاتاتتىم . ئۇ چاغلاردا تولىمۇ بەختلىك ئىدىم . چۈنكى ، سىچوۋ ئىتالىيىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ ، بۇ بالىنى ئېتىراپ قىلاتتى ھەمدە بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ يېنىغا كۆچۈپ بېرىۋالماقچى بولغا-نىدىم .

دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىلا ماڭا ھەسەت قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپمۇ مارىي دې لوك ئاق تەنلىكلەرنىڭ دۆلىتىگە بې-رىشىمغا ئىشەنمەيتتى . ئۇنىڭ يولدىشى ئافرىقىلىق بولۇپ كەتكە-نىدى . ئۇنىڭ ئېسىگە ئالالايدىغىنى يۇرتى كارابودىكى قىزىلمۇچ ئىدى . ئافرىقىدىكى ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئۇنىڭ تېرىسىنى قارايتىۋەتكەن بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ياۋروپالىق بىلەن ئافرىقىلىقتىن بولغان شالغۇت قاتارىدا كۆرەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ-نىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلىش قىيىن ئىدى . ئۇ سۆزلى-گەندە يەرلىك تىلنى شۇنداق ياخشى سۆزلەيتتى ، ئۇ سۆزىدە لىن-كارا تىلىنى ، قوپال فرانسۇز تىلىنى ھەمدە ئېسىدە قېپقالغان گالابو تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى .

لوك مارىينى ئىتالىيىگە ئېلىپ بارالمايتتى . چۈنكى ، ئۇ-نىڭ ئافرىقىلىق ئايالى ناھايىتى كۆپ بولۇپ شۇنچە كۆپ مارىينى

بىر يەرگە يىغسا ، ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس سارايلارنى سالدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ئۇ بالىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنى بىرىنچى ، ئىككىنچى دېگەندەك سان ئارقىلىق پەرقلەندۈرەتتى ، كەنجى بالىسى ئاۋتاۋئىۋۋنى سەككىزىنچى دەيتتى . ئۇنىڭ قىزى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنى ساناپمۇ بېرەلمەيتتى .

مارىي دې لوك ماڭا ھەسەت قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ بالىنى تۇغدۇرماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ . ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنى ھەقىقىي دوستۇم ، دەپ بىلگەچكە ئۇنى ماڭا دۈشمەنلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن . ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇ سىڭلىسىدىن ماڭا تاماق ئېتىپ يېسۇن ، دەپ ئۇن ئەۋەتىپتۇ . ئۇنىڭ ئەۋەتكەن نەرسىسى مېنى ئەجەبلەندۈردى ، لېكىن ئىككى قات بولۇپ قالغىنىمدىن بۇيان يېمەككە تولىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن يەنىلا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم . كېچىدە قورسىقىم ئاغرىشقا باشلىدى ، قارا باستى ، يۇرتۇمدا چۈشىڭىزدە بىر ئىت ئۆيىڭىزگە كىرىپ سىزنى چىشلىسە بىرەيلەن سىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بولاتتى .

شۇ كۈنى كېچىدە مەندىن قان كەتتى ، مەن ئىنتايىن قورقتۇم ، بالىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم . دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتتۈم . سىڭلىم شۇ يەردە ئاكۇشىر ئىدى . نەتىجىدە ھەممە ئىش نورمال بولۇپ چىقتى .

ئۇ 11 – ئاي بولۇپ ، بالا 3 – ئايدا تۇغۇلاتتى .

ئېھتىيات تۈپەيلى ئاچامنىڭكىدە ئىككى – ئۈچ كۈن تۇردۇم . بىر كۈنى كېچىدە قورسىقىمدىكى بالا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق تەۋرەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ تەۋرىشىدىن ۋارقىراپ كەتتىم . دوختۇر مېنى تەكشۈرگەندىن كېيىن بالىياتقۇمنىڭ بارغانچە قىسقىرىغانلىقىنى ئېيتتى .

سەھەر سائەت بەشتە بالا تۇغۇلدى ، بالا ئىنتايىن كىچىك ئىدى . لېكىن ھەممە ئەزاسى راۋۇرۇس بولۇپ ، سىچوۋغا ئوخشايتتى . چاچلىرى قارا ، يىغلايتتى .

مەن نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانىدىم . ئەگەر شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇ يەردە ئىسسىق ساقلاش ساندۇقى بولغان بولسا ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماس ئىدىم .

كەچ سائەت ئوندا ئۇ نەپەستىن توختىدى .

ئاياساما تەلىيىگە يارىشا ئىتالىيىنىڭ مىلان شەھىرىدىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىدا تۇغۇلغانىدى . ئۇ ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن ، چۈنكى ئۇنىڭ كىندىكى بوينىغا يۆگىلىشىپ قالغان بولۇپ ، دوختۇر ئۇنى قورسىقىمنى يېرىپ ئېلىپ قۇتقۇزۇۋالغانىدى .

قىزىم ئۈچ ياش چېغىدا يېزىغا كۆچۈپ باردۇق . سىچوۋ « يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرسەك نەرسە ـ كېرەك ئەرزان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر مەن سىرتلارغا چىقار بولسام سىزنىڭ ۋە قىزىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىمەيمەن » دەيتتى . ئۇ شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن دائىملا كاماندىروپكىغا چىقاتتى . شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆزۈم يالغۇزلا قالاتتىم . چۈنكى ، ئېكىنزارلىقىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يوق ئىدى . ئەڭ يېقىن جايدىمۇ ساپلا ياشانغانلار بار ئىدى .

مېنىڭ بۇ يەردىكى بەزى دوستلىرىم مۇلايىم ، ياشانغان ئاياللار بولۇپ ، ئارىمىزدا دېيىشكۈدەك ئۇنچە جىق گەپمۇ يوق ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار يىلمۇ يىل ئۆزگىرىۋاتقان تۇرمۇشقا قىزىقمايتتى . مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بېرىپ باقماقچى بولدۇم ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاڭلىغۇسى يوقتەك قىلاتتى ، پەقەتلا ھېسداشلىق نەزىرىدە قاراپلا قوياتتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىد-

دىكى ئافرىقىلىقلار قورساقلىرى پومپىيىپ چىققان، ئاچ قىزلار توپىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قىزىل كرىيست جەمئىيىتىگە ئازىراق نەرسە ئىئانە قىلىپ، ئافرىقىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇشاتتى.

ياش ئاياللار شەھەرگە بېرىپ خىزمەت قىلاتتى، لېكىن سىچوۋ مېنى بارغىلى قويمايتتى. ئۇنىڭغا گوبادورىتتىكى چېغىمدا بانكىدا خىزمىتىم بارلىقىنى ئەسكەرتكىنىمدە، ئۇ «بۇ يەر ئوخشىمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. مەن ئۆز – ئۆزۈمگە «ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى ئېھتىمال كۈنداشلىق قىلىشۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك» دەپ تەسەللى بېرەتتىم.

بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆيگە قايتقاندا تاسما بىلەن ئۇردى. بۇ ئۇنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم ئۇرۇشى ئىدى، كېيىن بۇ دائىملىق ئىش بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن نېگىر ئەرلەر بىلەن ئاق تەنلىك ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئەلۋەتتە، سىچوۋنىڭ ماگا بولغان قىزىقىشىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۇدا ئىككى ئايغىچىمۇ مەن بىلەن بىللە بولمايتتى. ئەگەر مەن تەلەپ قىلسام ئۇ ئاچچىقلىنىپ «يول مېڭىپ ناھايىتى چارچاپ كەتتىم» دەيتتى. ئەگەر كەيپىياتى ياخشى بولسا «بولدىلا، كىم سېنى مەندەك بىر قېرىغا تەگسۇن دېگەن» دەيتتى.

ئۇ دائىملا مەندىن ئاغرىناتتى، لېكىن ماگا ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. لېكىن، ئاچچىقلانمايتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق دوستى يوق ئىدى. ئەگەر كاماندىروپكىغا چىقماي قالسا ۋاقتىنى كىتاب كۆرۈش ياكى ئاياسامانى سۈرەتكە تارتىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قىزى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى بولۇپ، بالا بىلەن



www.uyghurkitap.com

بىللە بولسا ئۇ ئىنتايىن مۇلايىملىشىپ كېتەتتى .

ماڭا بىر تالاي چەكلىمە قويۇلغانىدى ، ھېچقانداق ھوقۇقۇم يوق ئىدى . مىلاندىكى چېغىمدا ، ئافرىقىلىق ئاياللار بىلەن دوست بولۇشۇمغا يول قويمايتتى . سەۋەبى ، ئىتالىيىگە كەلگەن ئافرىقىلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا پاھىشەمىش . ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى كىيىملەرنى كىيىشىمگىمۇ بولمايتتى ، چۈنكى ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيسەم چىرايلىق تۇرىدىكەنمەن . بالىنىڭ مەكتىپى بەك يىراق بولۇپ ئاياساما ئىككىمىز مەكتەپكە بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى نۇرغۇن يول باساتتۇق ، شۇڭا دائىم ھارغىنلىق ھېس قىلاتتىم .بۇنداق چاغلاردا سىچوۋ « ئىشقىلىپ ئافرىقىلىق ئاياللار ئۇزاق يول مېڭىشقا ئادەتلەنگەن » دەيتتى . شۇڭا ، مېنىڭ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىشىمغا قوشۇلمايتتى . چۈنكى ، ماشىنا ھەيدەش پايدىسىز ھەم خەتەرلىكمىش . ئەمما ، مەن بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم . شۇ سەۋەبلىك بىز بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپمۇ قالدۇق .

مەن ئۆي ئىشى ۋە كۆكتاتىزارلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلاتتىم . قېينانام بەزىدە كېلىپ ماڭا مۇرابىا ۋە كونسېرۋا قىلىشنى ئۆگىتەتتى . ئۇ مەن قىلغان مۇرابىا ۋە كونسېرۋالارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغىنى بىلەن ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى دەيتتى .

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم . چۈنكى ، ئىتالىيە تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش ماڭا تەسكە توختايتتى . مەن پەقەت گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ ، ئۇستىدىكى رەسىملەرنىلا كۆرەلەيتتىم . ھېلىمۇ ياخشى ، تېلېۋىزور بولۇپ قالغىنى ، ۋاقتىم چىقسا مەسىلەن ، كىيىم دەزماللىغان چاغلاردا « ساھىبجامال سۆيگۈسى » ياكى « دالاس » دېگەندەك فىلىملەرنى كۆرەتتىم .

زاھىردىكى چېغىمدىمۇ شۇلارنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ رومانتىك مۇھەببىتى تەنھالىقتىكى مېنى يىغلىتىۋېتەتتى. بەزىدە ئاياسامامۇ ئۇلارنى ياختۇرۇپ كۆرەتتى. سىچۇۋ تۇيۇقسىز قايتىپ كېلەر بولسا، ئاياساما ئىككىمىز دەرھاللا باشقا قانالغا ئالماشتۇرۇۋېتەتتۇق. چۈنكى، ئۇ قىزىنى بۇنداق ئەخمىقانە نەرسىلەرنى كۆرسە ئەخمەق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى.

بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئۇساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم.

بىر نەچچە ۋاقىت ئىلگىرى، مەن ئۇنىڭغا بەزى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئافرىقىلىق ئاياللىرىغا ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسىدىن كۆپ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا ئۇ:

ــــ ئاغزىڭنى يۇم، سەن بۇرۇنلا بىر قارا تەنلىك بىلەن ياتقان. مەن يەنىلا سېنى ئالدىم، سەن ماڭا رەھمەت ئېيتساڭ بولىدۇ، ــــ دېدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ مىڭلىغان مارىيىلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېنىق بىلەتتىم. قار ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىگىنى مىلانىدىكى كىچىك بىر چېركاۋدا ئۆتكۈزۈلگەن، تۆت تاقىر باش، بىر قىسقا چاچلىق كىشى قاتناشقان، ھەر بىرەيلەن ئالدىراش ـ تېنەش بىر پارچىدىن پىسا قاتلىمىسى يېيىش بىلەن ئاخىرلاشقان سوغۇق توي مۇراسىمى مېنىڭ خىيالىمدىكى نىكاھتىن كېيىن بولىدىغان خوشاللىقلارنى ماڭا ئاتا قىلالمىغانىدى.

لېكىن، ماڭا بولغان ئەڭ ئېغىر زەربە ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتى بولدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كېيىن بىر ئاق تەنلىك ئايال بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇنى ساياھەتكە ئېلىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان ۋاقتىمدىكى ئازابلىرىمدىنمۇ ئېغىر ئازابلىق بىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالىم يامانلىششقا باش

لىدى . تاماق يېگۈم كەلمەيدىغان ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىيال-مايدىغان بولۇپ قالدىم .

مەن قىزىمغا تارتىشىۋاتاتتىم . لېكىن ، مەن كۈچ ـ ماغ-دۇردىن كېتىۋاتقاندەك ، ئىرادەممۇ بارغانچە بوشاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم .

بەزىدە مەن تۇرۇۋاتقان جايدىكى يالغۇزچىلىقتا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن . ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغان ـ كەتمەيدىغانلىقىنى سورايتتىم . بۇنداق چاغدا ئەسلىمىلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە تەسەللى تاپاتتىم .

مەن ئافرىقىنى ، ئائىلەمنى ، كۆپچىلىك جەم بولغان چاغ-دىكى شۇنچە كۆپ ئادەمنى سېغىناتتىم . ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بولۇپ ، چوڭلارغا ئاز ـ تولا ئويۇن ئويناپ بېرىشنى ياق-تۇراتتىم ، داڭلىق شەخسلەرنى دورايتتىم . ئارتىس بولاتتىم . كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ ، ماڭا چاۋاك چېلىپ ئىلھام بې-رەتتى .

مەن يەنە يۇرتۇمدىكى بايرام كۈننى ئەسلەيتتىم ، كۆپ-چىلىك مۇزىكا چېلىشاتتى ياكى باللار ۋە ياشنىپ قالغان ئا-ياللاردىن تارتىپ ھەممەيلەن بىرلىكتە ئۇسسۇل ئوينايتتى .

مەن يەنە دادامنىڭ بىزگە مەسەل ئېيتىپ بەرگەندىكى تۇرقىنى ئەسلەيتتىم . بىز دادامنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق . ئۇ ھې-كايىنى ھەرقېتىم : « ھە ، ھىم ، سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغان ھې-كايە بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش بولۇپ ، بۇگۈن-گىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن . ئۇ چاغدىكى كىشىلەر ئالۋاستى تىلىدا سۆزلىشىدىكەن ، كاللىسى زې-رەك ، رومانتىك مۇھەببىتى تەڭداشسىز ئىكەن » دەپ باشلايتتى .

مەن ئوت دۆۋىسى ئىچىدىكى ياغاچ ھىدىنى ھىدلىغانىدەك ، كىشىنىڭ شۆلگىيىنى ئېقىتىدىغان « پىنىدۇ »① تامىقىنى ۋە غەربىي ئافرىقا چوڭ بېلىقىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى پۇرىغانىدەك بولماقتا ئىدىم . ئۆيىنى سېغىنىۋېرىپ ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى .

شۇنداق بىر كۈن كېلىپ قىزىم بىلەن يۇرتۇمغا بارسام دەپ ئويلايتتىم . مەن مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن چىرايلىق ياسىنىپ بارىمىز ، دادام بىلەن ئۆگەي ئاپام كېلىپ ئاياسامانى قۇچاقلايدۇ ، مەن ھەر بىرەيلەنگە ، ئۇكامغا ، ئاچا ـ سىڭىللىرىمغا ، تاغام ، ھامامغا ، جىيەنلىرىمگە سوۋغىلارنى بۆلۈپ بېرىمەن . ئۆيدىكىلەر بىزگە بىر كەچكى ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ ، ھەممەيلەن بىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ ، بىزدىن ئاق تەنلىكلەر دۆلىتىدىكى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى سورايدۇ .

شۇنداق ، شۇلارنى ئويلىسام ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەلەيمەن .

---

① مانىخوت ، پالما ۋە سۇكچىياز بىلەن دۇملەنگەن بىر خىل تاماق .

## خاتىمە

بۇ بىر رېئال ۋەقە ، لېكىن ئاخىر خۇشاللىق بىلەن ئا-ياغلاشقىنى يوق .

مارىي دې سىچوۋ تۇتۇپ تۇرۇلۇپ سوراققا تارتىلدى . بىر قېتىم ئۇ يولدىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ، ئاشخانىدىكى پىچاق بىلەن ئۇنى يارىلاندۇرغانىدى .

ئاياساما كىچىك بالىلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ قو-يۇلدى .

[General Information]
书名=我嫁了一个白人　维吾尔文
SS号=40300777

www.uyghurkitap.com